# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

## 中亚信息

INFORMATION OF CENTRAL ASIA

3 '97

# 目　次　《中亚信息》

1997年第3期
（总第74期）


**经纬纵横**

克孜勒奥尔达州没咸海附近地区的发展前景 ………(3)
哈萨克斯坦的林业资源使用状况 ……………………(10)
哈萨克斯坦的科技现状与发展潜力 …………………(15)
圣披得堡与欧亚大陆桥的发展关系 …………………(20)
哈萨克斯坦与乌吉两国的经贸合作 …………………(22)
信息高速公路一使人类进入新时期的必径之路 ………(29)

**法规**

哈萨克斯坦共和国总统颁布“建立克孜勒奥尔达经济特区”令 ……(31)
阿克莫拉经济特区条例 ……(36)

**边贸信息**

独联体国家可望建立统一保险市场 ……………………(42)
俄对小业主将实行统一简化税制 ……………………(42)
独联体国家将建立统一农业市场 ……………………(42)
乌兹别克斯坦成立一家新的国际银行 ………………(43)

**边贸信息**

独联体再商经济一体化 ……………(44)
新疆确定新的边贸发展格局 ………(45)
俄将从严检查中国进口食品 ………(46)
吉尔吉斯坦为本国产品出口开绿灯 ……………(47)
阿拉山口过货量突破 200 万吨 ……(48)
俄罗斯将对肉类实行特殊控制 ……(49)
中国、哈萨克斯坦、吉尔吉斯斯坦、巴基斯坦四国过境运输车队试运行 ……………(49)


本期责任编辑：米娜瓦尔

# بۇ ساندا

## « ئومۇمىي بايان »

قىزىل ئوردا ئوبلاستىغا قاراشلىق ئارال دېڭىزى بويىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى .......................... (3)
قازاقىستاننىڭ ئورمان بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى ......... (10)
قازاقىستاننىڭ پەن - تېخنىكا ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتتىكى يوشۇرۇن كۈچ ................................ (15)
سانكت - پېتېربۇرگ بىلەن ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تەرەققىيات مۇناسىۋىتى ............. (20)
قازاقىستاننىڭ ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقى ......................... (22)
يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىسى ئىنسانلارنى يېڭى دەۋرگە باشلايدىغان مۇقەررەر يول .......................... (29)

## « قانۇن - بەلگىلىمە »

قازاقىستان زۇڭتۇڭىنىڭ « قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنى قۇرۇش » توغرىسىدىكى بۇيرۇقى...................... (31)
ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ نىزامى ...................... (36)

## « چېگرا سودا خەۋەرلىرى »

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىرلىككە كەلگەن سوغۇرتا بازىرىنى بەرپا قىلىشتا ئۈمىد بار ............ (42)
روسىيە كىچىك كارخانا ئىگىدارلىرىغا قارىتا بىردەك

باش مۇھەررىر:
جاڭ يۆجۈ
نەجمىدىن نىزامىدىن

مەسئۇل مۇھەررىر :
گۈلسۇم ئابدۇۋايىت

مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر:
شەرىفە ئىسھاقوۋا

مۇھەررىر ۋە تەرجىمانلار:
مۇنەۋۋەر قادىر
يارمۇھەممەت ئىبراھىم
مۇيەسسەر ئابدۇرېھىم

بۇ ساننىڭ مەسئۇل
تەھرىرى :
مۇنەۋۋەر قادىر

ئاددىيلاشتۇرۇلغان باج تۈزۈمىنى يولغا قويماقچى ................................ (42)

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك بازىرىنى قۇرماقچى ................................ (42)

ئۆزبېكىستاندا يېڭى بىر خەلقئارا بانكا قۇرۇلدى ................................ (43)

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئىقتىسادنى سىستېملاشتۇرۇشنى قايتا كېڭەشتى ................ (44)

شىنجاڭ چېگرا سودىسىنىڭ يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئېنىق بەلگىلىدى ................ (45)

روسىيە جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى قاتتىق تەكشۈرمەكچى ................ (46)

قىرغىزىستان ئۆز دۆلىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى ................................ (47)

ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ مال ئۆتكۈزۈش مىقدارى 2 مىليون توننىنى بۇسۇپ ئۆتتى ................ (48)

روسىيە گۆش مەھسۇلاتلىرىنى كونترول قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ ................ (49)

جۇڭگو ، قازاقىستان ، قىرغىزىستان ، پاكىستان قاتارلىق تۆت دۆلەتنىڭ چېگرا ھالقىيدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىل ئەترىتى سىناق قاتنىشىنى باشلىدى ................................ (49)

# قىزىل ئوردا ئوبلاستىغا قاراشلىق ئارال دېڭىزى بويىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

ئامان ھۈسەيىن

قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ يەر مەيدانى 250 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، غەربىي تەرىپى ئارال دېڭىزى بىلەن، شەرقىي تەرىپى قارا تاۋ تاغ ئېتىكى بىلەن، شىمالىي تەرىپى سارى ئاغاچ تۈزلەڭلىكى بىلەن، جەنۇبىي تەرىپى ئۆزبېكىستان بىلەن تۇتىشىدۇ.

قىزىل ئوردا ئوبلاستىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى، ئاساسلىق يېمەكلىك ئىستېمال مىقدارى، ئولتۇراق جاي كۆلىمى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ ئاممىۋى ئۇسكۇنىلەرگە ئىشلىتىدىغان خىراجىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، پۈتۈن دۆلەتتىكى ئوتتۇرىچە سانىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئىككىندىن بىر قىسمىغىچە ئاز، ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋاردىن بىر ھەسسە كۆپ، ئوبلاست خام چوتىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى چەت ئەللەرنىڭ تولۇقلاپ بېرىشىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قىزىل ئوردىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يوشۇرۇن كۈچتىن پايدىلانغاندىلا ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش سۈرئىتىنى %20 يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

## 1 - تەبىئىي بايلىق ئەھۋالى

قىزىل ئوردا ئوبلاستى مول يەر ئاستى بايلىقىغا، بولۇپمۇ مول نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقىغا ئىگە. دەسلەپكى مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا، قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا ئاز دېگەندە 1 مىليارد 300 مىليون توننا ئۆلچەملىك يېقىلغۇ ماتېرىيالى ساقلىنىپ ياتماقتا. بۇ بايلىق ئوبلاستىنىڭ نېفىت گاز سانائىتىنى قۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي نېفىت تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتى نېفىت قېزىشقا باشلىغان بولۇپ، نېفىت مىقدارىنى نۆلدىن 2 مىليون توننىغا يەتكۈزدى. ھازىر 6 مىليون توننىغا يېقىنلاشماقتا. ھۆكۈمەتنىڭ تورغاي تەبىئىي گازى ۋە بىللە چىققان گازدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش قارارىغا ئاساسەن، قۇمكىر تەبىئىي گاز پىششىقلاپ ئىشلەش بىرلەشمە كارخانىسى 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرى مەبلەغ سېلىپ، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز مەھسۇلات مىقدارىنى 150 مىليون كۇب مېترغا يەتكۈزمەكچى. ھازىر بۇ شىركەت بارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ، قۇمكىردىن قىزىل ئوردىغا تۇتىشىدىغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 200 كىلومېتىر كېلىدىغان گاز ئاققۇزىدىغان تۇرۇبا يولىنى ياتقۇزماقتا، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ھەر خىل ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئىشلىتىدىغان ئورۇن ۋە خېرىدارلارنىڭ تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىشى، ئوبلاستنىڭ تەبىئىي گاز بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىشى ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ زىچ تىپلىق ئىشلەپچىقىرىلىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن 100 مىليون تەڭگە «تەبىئىي گازغا مەبلەغ سېلىش زايومى» نى تارقاتتى. شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ رايونلاردا كاربون گىدرىدىنىڭ مىقدارى ئەمەلىيەتتە مۆلچەرلەنگەن ساندىن كۆپ. چۈنكى ھازىرغىچە ئوبلاستنىڭ %10 - %30 يېرىدە يۇقىرى بوشلۇقتا ئۆلچەش ۋە ئېغىرلىق كۈچى بويىچە ئۆلچەش، يەر تەۋرىتىپ چارلاش قاتارلىق خىزمەتلەرمۇ كۆپ قېتىم ئېلىپ

بېرىلدى .

قىزىل ئوردا ئوبلاستىدىكى قوغۇشۇن ، سىنك زاپاس مىقدارى قازاقىستان بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ ، مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا ئۇنىڭ قىممىتى نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ . ھۆكۈمەتنىڭ شارىندۇ مېتال كانىنى قېزىش قارارىغا ئاساسەن ، كان بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى .

قىزىل ئوردا ئوبلاستى يەنە قازاقىستاندىكى ئوران ئىشلەپچىقىرىدىغان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ ئوبلاستتا سىركونىي ، تىتان رۇدىسى ، مولىبدېن ، ۋانادىي رۇدىسى ، تۆمۈر رۇدىسى ۋە ئالتۇن رۇدىسى قاتارلىق قىممەتلىك رۇدىلارمۇ بار . ئاش تۇزى زاپاس مىقدارى ئىنتايىن مول بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاش تۇزى مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 60% نى ئىگىلەيدۇ . غەيرىي مېتال رۇدا مەھسۇلاتلىرىدىن شور ، سۇسىز شور ۋە كىۋارتس قۇمى قاتارلىقلار بار . كىۋارتس قۇمىنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ ، ئېسىل ئەينەك ياساشقا ماس كېلىدۇ . ( ئوپتىك ئەينەكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) قۇرۇلۇش سانائىتىگە كېرەك بارلىق ماتېرىياللارمۇ تولۇق .

باشقا كان بايلىقلىرىنىڭ تۈرى ، دائىرىسى ۋە سانائەتتىكى زاپاس مىقدارى گېئولوگىيىلىك چارلاش خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قەدەممۇ - قەدەم ياخشى ئېنىقلانماقتا . ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان گېئولوگىيىلىك چارلاش خىزمىتى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ ئالدىدىكى خىزمەتلەر بولۇپ ، گېئولوگىيىلىك چارلانغان يەرلەرنىڭ دائىرىسى ئوبلاست يەر كۆلىمىنىڭ 2% - 5% نى ئىگىلەيدۇ . قېزىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت بۇ جايلار ئېكولوگىيىلىك ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ . شۇڭا پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن ئوبلاستنىڭ پايدىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەل بازارلىرىدا رىقابەت كۈچىگە ئىگە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت . ئوبلاست ئىچىدە كان مەھسۇلات بايلىقلىرى جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ جايلىشىشى ناھايىتى مۇۋاپىق ، ھازىرقى قاتناش لىنىيىسى ۋە ئېچىۋېتىلگەن رايونلارغا يىراق ئەمەس ، قاتناش قولايلىق ، ئەمگەك كۈچىمۇ يېتەرلىك .

## 2 - بايلىقتىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

كىشىلەرگە مەلۇمكى يەقەت ئۆزىگىلا تايانغاندا بايلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ . دۆلەت سالىدىغان مەبلەغمۇ چەكلىك . پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ، چەت ئەل كاپىتالىنى جەلپ قىلىش كېرەك . ھازىر گېرمانىيە ، ئەنگلىيە ، كانادا ۋە روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر چىقارغان كاپىتالدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇنلىغان شېرىكلەشكەن كارخانىلار قۇرۇلدى . مەسىلەن : « قازاقىستان گېرمانىيە شېرىكلەشكەن نېفىت شىركىتى » قاتارلىقلار . يېقىندا يەنە « جەنۇبىي نېفىت تەبىئىي گاز ھەسسىدارلىق شىركىتى » نىڭ دۆلەتكە تەۋە پايىنى كانادانىڭ « خاراكىمىائېن چەكلىك شىركىتى » گە ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدىكى كېلىشىم ئىمزالاندى . دۇنيا بانكىسىنىڭ مەسئۇل خادىمى ۋە باشقا يوشۇرۇن مەبلەغ سالغۇچىلارمۇ بۇ يەردە سۆھبەت ئۆتكەزمەكتە . 1996 - يىلى ئوبلاستنىڭ ئەڭ تۆۋەن خىزمەت پروگراممىسىغا ئاساسەن ، ئومۇمىي سوممىسى 40 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان چەت ئەل كاپىتالىنى جەلپ قىلىش پىلانلاندى ( 1995 - يىلى جەلپ قىلىنغان چەت ئەل كاپىتالى 14 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىدى ) لېكىن بۇ ئەمەلىي ئېھتىياجدىن خېلى يىراق ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت

تۇراقسىز ، تىجارەت نورمال بولماسلىق ۋە يامان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تۈپەيلىدىن زور مەبلەغكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ . بارلىق پايدىسىز ئامىللار مەبلەغ سېلىشنى توختىتىپ قويىدۇ . مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن باشقا رىقابەتلەندۈرگۈچى ئامىللار كېرەك . مەسىلەن : ئۆز ئوبلاستىدا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش قاتارلىقلار . هازىر بۇ خىل لايىھە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكەن بولۇپ ، دۆلەتلىك رەھبىرى ئورگانلارنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇلدى .

باشقا تارماقلاردىكى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ، كان قېزىش ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇلدى . بۇ ھەرگىزمۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا سەل قارالغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ .

1) سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى .

هازىرقى سۇغىرىش سىستېمىلىرى تەخمىنەن 600 چولڭ تېپتىكى ، 23 مىڭ كىچىك تىپتىكى سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى ۋە 25 مىڭ كىلومېتر كېلىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى سۇغىرىش تورى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇدىن قالايمىقان پايدىلىنىدىغان ۋاقىتلاردا قۇرۇلغان ، شۇ ۋاقىتلاردا سۇنى تېجەش ، تۇپراقنىڭ تەبىئىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە باشقا ئىقتىدارلىرى ئازراقمۇ نەزەردە تۇتۇلمىغان ، ئەينى چاغلاردا ئورنىتىلغان سۇغىرىش ئۈسكۈنىلىرى ئېكولوگىيىلىك بىخەتەرلىك ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ئەمەس . يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان دۆلەت سۇ ئىشلىرى سىستېمىسىغا ھەتتا بىر تەڭگىمۇ بەرمىدى ، يەرلىك يېزا ئىگىلىكى ئورۇنلىرىنىڭ پۇلى يوق . سۇ ئەسلىھەلىرى كونىراپ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى ، بۇ ئەھۋال هازىرقى كىرىزىسنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى . تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ داۋاملىق چۆللىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى توسۇش ئۈچۈن ، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش كېرەك .

قىزىل ئوردا ئوبلاستى يېقىندا ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىنى تاپتى . خەلقئارانىڭ تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن ، قىزىل ئوردا ئوبلاستى بىلەن ياپونىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى « قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ سۇ ئىشلىرى سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش » تۈرىنىڭ ئاساسلىق ئالدىنقى خىزمەتلىرى ۋە ئىش باشلاش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى . دەسلەپكى كېلىشىمگە ئاساسەن ، ياپونىيە قەرز پۇل بېرىپ تۇرىدىغان ، ئۈچ رايوننىڭ تۇپراق قۇرۇلۇشىنى پىلانلاشقا ئەمەلىي ياردەم قىلىدىغان ، تۇپراقنى تۈزلەش ، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان بولدى ، دۇنيا بانكىسىمۇ بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن قەرز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

2) ئاساسلىق سانائەت ئەھۋالى .

قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا قازاقىستاننىڭ تۆمۈر يول ، ماشىنا رېمونت قىلىش بازىسى ، مېتال پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ، ئېلېكتر ماشىنىلىرى كارخانىسى ، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىدىغان ماشىنىلارنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدىكى بىردىن - بىر پرېسلانغان تاختا زاۋۇتى ، غەيرىي قۇرۇلما ماتېرىياللىرى زاۋۇتى قاتارلىقلار بار . يېنىك سانائەتتە ئاياق تىكىش زاۋۇتى بىلەن كىيىم تىكىش زاۋۇتىنى ئاساس قىلىدۇ . هازىر بۇ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى ئىقتىسادىي كىرىزىستىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارلىق چارە - تەدبىرلەر قوللىنىلماقتا . بازار ئىقتىسادىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى قايتا تەرتىپكە سېلىنماقتا .

ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ھازىر پەقەت بىر خىل ئىشلەپچىقىرىشقا باغلىنىپ قالماستىن، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش يولىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ تاۋار تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، مەھسۇلاتنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرماقتا، ئۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسى، پەقەت تۇراقلىق ئېھتىياجغا ئىگە. ئالاھىدە مەسىلە كۆرۈلمەيدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغاندىلا ساتقىلى بولىدىغانلىقىنى، مۇۋاپىق باھا سىياسىتىنى جانلىق ئىگىلەپ، مال باھاسىنى قالايمىقان ئۆستۈرۈۋالمىغاندىلا ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ھازىر نۇرغۇنلىغان پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچ بۇلۇڭلۇق قەرزگە بوغۇلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇل كەم، بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە قەرز پۇل ئېلىش، بانكىلار بىلەن كارخانىلار شېرىكلىشىش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، باشقىلارنى پايدىسى بار قىسقا مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. بانكا ئېرىشكەن پايدىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى بانكىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارى يەنى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ تىجارەتتە غەلىبە قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ھازىر يەنە سودىنى مۇۋاپىق قوغداش سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈپ خام ماتېرىيال ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى زاكاز قىلىش تالونىنىڭ شۇ يەردە ياكى شۇ ئوبلاستتا ئۆزلىشىشى ئۈچۈن بارلىق شەرت - شارائىتلار ھازىرلانماقتا.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سانائەت مەھسۇلات مىقدارى كۆپىيىشكە باشلاپ مۇقىم ۋەزىيەتنى ساقلاپ كەلدى. يېرىمىدىن كۆپرەك كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى يۇقىرى ئۆرلەشكە يۈزلەندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىمۇ تەخمىنەن 40% ئاشتى. 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتى 800 مىليون تەڭگىگە يېتىپ، 1995 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 70% يۇقىرى بولدى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، مەبلەغ يېتەرسىز بولغانلىقتىن، سېلىنغان مەبلەغنى تېزلىك بىلەن قايتۇرۇۋالغىلى بولىدىغان بىلىم ۋە كۈچى زىچ ئوتتۇراھال كارخانىلارنى قۇرۇشقا ئىمكان بولمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كادىرلار ۋە تېخنىكىنى بىلىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىمۇ كەم، ھازىر بايكار بىلەن روسىيە تەرەپ شېرىكلىشىپ ئايروپىلان ياساش كارخانىسىنى قۇراشتۇرۇش ۋە ئىجارىگە بېرىش شەرتى ئاستىدا تېخنىكىلىقى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىلغان ئۈسكۈنىلەرنى تەييارلاپ قۇراشتۇرۇش كارخانىسىنى قۇرۇشقا بولۇش ياكى بولماسلىق توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدىغان كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى كۈنسايىن ئاشماقتا. ھازىرقى جىددىي مەسىلە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ، بۇ يېزا ئىگىلىك ئوبلاستىنى، سانائىتىمۇ يېزا ئىگىلىكىمۇ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان ۋە تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرالايدىغان ئوبلاستقا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

## 3 - تەرەققىيات يۈزلىنىشى

1) زىرائەت ئۆستۈرۈش.

ئېكولوگىيىلىك خەۋپ بۇ رايوننى ئۆز رايونىدا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى قايتا تاللاشقا، ئەلا ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى چىقىش قىلىپ، تېرىلغۇ يەرنى بەلگىلەشكە مەجبۇر قىلدى. يېڭى يېزا

ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانىدا ، قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ ئاساسلىق زىرائىتى يەنىلا شال قىلىنىپ بەلگىلەندى . بىراق شال تېرىش كۆلىمى زور دەرىجىدە قىسقارتىلدى . لېكىن 1995 ـ يىلىدىن باشلاپ ، ھەر بىر گېكتار يەردىن ئېلىنىدىغان ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلات مىقدارى ئەسلىدىكى 2900 كىلوگرامدىن كۆپىيىپ 4000 — 4500 كىلوگرامغا يەتتى . شۇڭا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى كەمەيمەيدۇ . ئەگەر خىمىيىلىك ئوغۇت ، ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا ۋە ئوت ـ چۆپ يوقاتقۇچى دورا قاتارلىقلارغا زور دەرىجىدە تايانغان بولسا ، مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئېكولوگىيىلىك جەھەتتىن بولسۇن ، بۇ نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن بولمايتتى . خىزمەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى يەنىلا يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ياخشىلاش ، بىردىگە ئوخشاش ھەم يەم ـ خەشەك قىممىتىگە ئىگە ھەم تۇپراقنى ياخشىلايدىغان زىرائەتلەرنى تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ۋە ئالماشتۇرۇپ تېرىشتا ئىلمىي ئاساس بولۇشتىن ئىبارەت . يەنە بىر ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى بۇغداي بولۇپمۇ قاتتىق دانلىق بۇغداي بولۇپ ، بۇ خىل بۇغداينى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا تېرىش پىلانلانلاندى . مۇشۇنداق قىلغاندا سۇنى تېجەپ قالغىلى شۇنداقلا ئوبلاستنىڭ ئاشلىق تۈزۈلمىسىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ .

ئوبلاست يەنە يېڭى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى يەنى چۈچۈك بويا قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈشنى تەتقىق قىلماقتا . ھازىرغىچە قالايمىقان ئورۇلغاچقا ۋە ناچار تەبىئىي شارائىت تەسىرىدىن بارغانچە ئازىيىپ كەتكەنىدى . لېكىن قىزىل ئوردا ئوبلاستى چۈچۈك بويا ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان بولۇپ ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ياخشى بولغاچقا ، يۇقىرى ھوسۇل ئالالايدۇ . بازار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا دورىگەرلىك ، گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ، يېمەكلىك ، خىمىيىۋىي سانائەت ۋە مېتاللورگىيە سانائىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زور مىقداردا چۈچۈك بويىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ . ئەتراپتىكى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەر ۋە باشقا دۆلەتلەردە چۈچۈك بوينىڭ باھاسى ئىنتايىن قىممەت . بۇنىڭدىن باشقا چۈچۈك بوينىڭ پېلىكى ناھايىتى ياخشى يەم ـ خەشەك ھېسابلىنىدۇ ، چۈچۈك بويا يۇرچاق ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەرگە كىرىدۇ . ئۇ تۇپراقنىڭ ئوغۇتلۇق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ . 70 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى چۈچۈك بويا بىرلەشمە شىركىتى سىستېمىسىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە تۇنجى چۈچۈك بويا باغۋەنچىلىك مەيدانىنى قۇرماقچى بولغانىدى . لېكىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار بۇ مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشىنى توساپ قويىدى . ھازىر ئاقنۇر دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئاسىيا دېھقانچىلىق مەيدانىغا چۈچۈك بويا تېرىش ئۈچۈن 600 گېكتار يەر بېرىلدى . يەنە بەزى ئىقتىسادىي گەۋدىلەر چۈچۈك بويا تېرىشقا قىزىقماقتا . ئۇلار چۈچۈك بويا تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ كۆلىمىنى 2000 گېكتارغا يەتكۈزمەكچى .

قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا گۆش ، تۇخۇم ۋە سۈت ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە خۇسۇسىيلاشقان قىسمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 83% ، 57% ، ۋە 87% كە يەتتى . ھازىر سۇغىرىلىدىغان يەرلەردە يەم ـ خەشەك بازىسىنى كېڭەيتىش پىلانى ئوبلاستىنىڭ تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى . نۆۋەتتىكى ئەڭ قىيىن ئىش ئەنئەنىۋىي ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ ياقمىچىلىقىنى قوغداشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ، مۇئەييەن ساندىكى سۈنئىي سۇغىرىلىدىغان چارۋىچىلىق مەيدانىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت .

2) سۇنى ياخشىلاش خىزمىتى .

بۇ ئوبلاستتا سۇ بايلىقى ئىنتايىن مول .

ھازىر بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 1 مىليون 500 مىڭ
كۇب مېتر سۇ بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ . لېكىن
ئوبلاست بويىچە بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئىشـ
لەپچىقىرىشقا ۋە تۇرمۇشقا كېتىدىغان سۇ پەقەت
500 مىڭ كۇب مېتر . قالغان سۇ بايلىقى تېخى
قېزىلمىغان ، تەكشۈرۈلمىگەن جايلاردا كۆمۈلۈپ
ياتماقتا . يەر ئاستى سۇ بايلىقى مەسىلىسى بىلەن
ئاھالىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ سۈپىتىنى ياخشىلاش
مەسىلىسى بىرلەشتۈرۈلدى . سىر دەرياسىنىڭ
سۈيى قاتتىق بۇلغانغان بولۇپ ئىچىشكە بولمايـ
دۇ . بۇلغانغان سۇ ئاساسەن قازاقىستاننىڭ سىرـ
تىدىن ئېقىپ كىرگەن . ئۇ دەريا سۈيىنىڭ %80
نى ئىگىلەيدۇ . ئالـدىـمىزدىكى بىر نەچچە يىل
ئىچىدە دەريا سۈيىنىڭ بۇلغىنىش كوئېففىتسېنتى
ئازىيىش مۇمكىن . شەھەر ، شەھەر تىپىدىكى ئاـ
ھالىلار ئولتۇراقلاشقان جايلار ۋە رايونلۇق ھۆـ
كۈمەت ئورۇنلاشقان جايلاردا تورۇبا سۈيى ۋە
ئىشەنچلىك تۈزسىز سۇ مەنبەسى تۇتاشقان . سۇ
يەتكۈزۈپ بېرىش لىنىيىسىنىڭ يېڭىدىكى يېـ
زىلارمۇ بۇ سىستېمىغا كىرەلەيدۇ . ھازىر ئاساسـ
لىق سۇ ـ تۇرۇبا يولى ياتقۇزۇلماقتا ، ئاھالىلار
ئولتۇراقلاشقان 300 گە يېقىن جاينىڭ ئىچىملىك
سۇ مەسىلىسىنى شۇ يەرلىك سۇ باشلاش قۇرۇـ
لۇشى ھەل قىلىدۇ . نۇرغۇنلىغان ئورۇنلار نائىلاج
ئېلېكتر دىئالىز ۋە تەتۈر سىڭىش قۇرۇلمىلىرى
ئارقىلىق ، سۇنئىي ئۇسۇلدا تۈزسىز سۇ ئىشلەپ
ئىچىدۇ .

قىـزىـل ئـوردا ئـوبـلاستىدا تېمپېراـ
تۇرىسى 40℃ — 70℃ لۇق ئىسسىق سۇ بايلىقى
بـار بولۇپ ، ھازىرغىچە قېزىلغىنى 338 مىليارد
كۇب مېترغا يېتىدۇ . بۇ 3 مىليون 300 مىڭ توننا
ئۆلچەملىك يېقىلغۇ ماتېرىيالغا تەڭ . قىزىل ئوردا
ئوبلاستىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئىسـ
سىقلىق بىلەن تەمىنلەش مەنبەسى ، ئادەتتە ئاھاـ
لىلەرنى ، پارنىكلارنى ۋە سانائەت كارخانىلىرىنى
ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ .

3) مۇھىتنى تىزگىنلەش

كىچىك ئارال دېڭىزى قۇرۇلۇشى ئىستىقـ
بالغا ئىگە بىر تۈر ، ئەگەر بۇ تۈر ئىشقا ئاشۇـ
رۇلسا ئۆزۈنغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە قازاقىستانـ
دىكى ئارال دېڭىزى ئەتراپىغا جايلاشقان راـ
يونلارنىڭ تەبىئىي مۇھىت شارائىتى ياخشىلىنىپ
كېتىدۇ . بۇنىڭغا گەرچە زور مەبلەغ كەتسىمۇ ،
لېكىن بۇ مەبلەغ سىر دەرياسىنى تازىلاشقا كەتـ
كەن مەبلەغدىن خېلى ئاز . سىر دەرياسىنى تاـ
زىلاشتا ئاساسىي جەھەتتىن دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش
تېخنىكا كۈچىگە تاياندى .

كىچىك ئارال دېڭىزى قۇرۇلۇشى تۆۋەنـ
دىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئارال دېڭىزىنىڭ
شىمالىغا ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتر كېلىدىغان ئارال
دېڭىزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ ، كۆلا يېرىم
ئارىلىغا تۇتىشىدىغان تۇغان ياسىلىدۇ . مۇـ
شۇنداق قىلغاندا زور تۈزسىز سۇنى ھاسىل قىلـ
غىلى بولىدۇ . بۇ سۇ يېقىن ئەتراپتىكى رايونلارـ
نىڭ تەبىئىي ھاۋا كىلىماتىنى ياخشىلاشتا چوڭ
رول ئوينايدۇ . دېڭىز سۈيى ئارالسكى شەھرىگە
قايتا ئېقىپ كېرىپ ، بۇ شەھەرگە يېڭى ھاياتلىق
كۈچ ئېلىپ كېلىدۇ . بېلىقچىلىق ئىشلىرىمۇ ئەسـ
لىگە كېلىدۇ . سىر دەرياسى دېلتىسىنىڭ سۇ
ئەھۋالىمۇ ياخشىلىنىدۇ . نۇرغۇنلىغان تەبىئىي
ئوتلاقلار قايتا كۆكلەيدۇ . ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت
مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ قوللىشىنى تىرىشىپ
قولغا كەلتۈرۈپ ، بۇ قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان مەبـ
لەغنى توپلىماقتا .

لېكىن بۇ قۇرۇلۇشقا قارشى پىكىردە چىڭ
تۇرىۋاتقانلارمۇ بار . ئۇلار ئارال دېڭىزىنى بۆلۈـ
ۋەتكەندە بىر پۈتۈن ئارال دېڭىزىنىڭ يوقىلىپ
كېتىشى تېزلىشىدۇ دەپ قارىماقتا ، ئەمەلىيەتتە
ئارال دېـڭىزى نەچچە يىلدىن بۇيان بىر پۈتۈن
گەۋدە بولماي قالدى . چۈنكى سۇ تۈزلۈق بولـ

غانلىقتىن تەبىئىي ھالدا نەچچە گەۋدىگە بۆلۈنۈپ
كەتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى
ئارال دېڭىزى سۈيىنىڭ ناچارلىشىشىدىن ساقلى-
نىشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەردى . مانا
مۇشۇنداق ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتقان مەز-
گىلدە ، ئەگەر ئىككىدىن بىرنى تاللاش ئۇسۇلى
قوللىنىلمىسا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق بولى-
دۇ .

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ،
ھازىر بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراش يەنى قىزىل
ئوردا ئوبلاستى ئەگەر دۆلەتنىڭ ياردىمى بولمىسا
ئۆزىنىڭ خام چوتىنى تۈزەلمەيدۇ ، دېگەن كۆز
قاراش مەۋجۇت . بۇ خىل كۆز قاراش ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن ئەمەس . قىزىل ئوردا خەلقى ئۆز كۈچىگە
تايىنىپ كىرىم قىلىدۇ . ئەگەر ئورۇنلاشتۇرۇش
مۇۋاپىق بولسا ، قىزىل رەقەم بولمىغان خام چوتقا
كاپالەتلىك قىلالايدۇ . بۇ تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچ-
رىغان ئاھالىلەرگە ياردەم پۇلى بېرىشنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ . ھۆكۈمەت مۇشۇ مەسىلە توغرى-
سىدا قازاقىستانغا پىلان ۋە پىكىرنى سۇندى .

قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ كەلگۈسى قازا-
قىستاننىڭ كەلگۈسى بىلەن زىچ باغلانغان . بىر
دۆلەت چوقۇم بىرلىككە كەلگەن سىياسىي ئىقتى-
سادىي گەۋدە بىلەن تەرەققىي قىلىشى كېرەك . بۇ
نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۆمۈر
يول ترانسپورتى ۋە ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەشتىن
ئىبارەت بۇ ئىككى مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان
مەسىلىلەر قاتارىغا قويۇپ ، پۇرسەتنى چىڭ تۇ-
تۇپ ھەل قىلىش كېرەك .

4) قاتناش ترانسپورت ئېنېرگىيىسى .

قاتناش ترانسپورت مەسىلىسى ئىككى تە-
رەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بىرى ، جەنۇبىي ـ
شىمال رايون ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ترانسپورت
لىنىيىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى قايتا ئويلى-
شىش ، قازاقىستاننىڭ پايتەختىنى ئاقمولا شەھى-
رىگە يۆتكەش پىلانىنىڭ ئىشقا ئېشىشى بىلەن بۇ
مەسىلە تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالىدۇ . يەنە بىرى
جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرقى
تۆمۈر يول ترانسپورت تورىمۇ قايتا ياسىلىشنى
كۈتۈپ تۇرماقتا . ھازىرقى بەزى ترانسپورت لى-
نىيىلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ ئەتراپتىكى را-
يونلارنى ئايلىنىپ ئۆتىدۇ . بۇ ھال ترانسپورت
ھەققىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ترانسپورت دەۋرىيلىكىنى
ئۇزارتىدۇ . قازاقىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا
جايلاشقان تەرەققىي قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار
بەزى رايونلار مۇۋاپىق قاتناش ترانسپورت لىنى-
يىسى بولمىغانلىقتىن تەرەققىي قىلالمايۋاتىدۇ .
ئەگەر جىزقازغاندىن قىزىل ئوردا ئوبلاستىغىچە
ئۇزۇنلۇقى 419 كىلومېتىر كېلىدىغان تۆمۈر يول
لىنىيىسى ياتقۇزۇلسا ، يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ھەل
بولۇپ كېتىدۇ .

ئېلېكتر كۈچى بىلەن تەمىنلەش مەسى-
لىسى . 95 ـ يىلى قىشتا جەنۇبىي رايونلارنى ئې-
لېكتر كۈچى بىلەن تەمىنلەش كاپالەتكە ئىگە
قىلىنمىدى . ئىمپورت قىلىنىدىغان يېقىلغۇ ماتې-
رىيالىغا تايىنىدىغان جامبۇل ئېلېكتر ئىستانسىسى
ۋە ئۆزبېكىستان ئېلېكتر كۈچى شىركىتى قاتار-
لىقلار مونوپول كارخانىلار بولۇپ ، باھا مەسىلى-
سىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ . شۇڭا توك بىلەن تە-
مىنلەيدىغان تاللانغان ئېلېكتر مەنبەسى بولۇشى
كېرەك . شۇڭا قىزىل ئوردا ئوبلاستى شىمالىي
رايونىدىن توك تارتىشنى ئويلاشماقتا . چۈنكى
شىمالىي رايون ئېلېكتر كۈچىگە باي ، بۇنىڭدىن
باشقا يەنە ئۆز رايونىدىكى يېقىلغۇ ماتېرىيالىنى
ئىشلەتكەندە توك ھەققىمۇ تۆۋەن بولىدۇ . جىز
قازغاندىن قىزىل ئوردا ئوبلاستىغا توك يەتكۈزۈپ
بېرىش لىنىيىسىنى ئورنىتىش تامامەن مۇمكىن .
مۇشۇنداق قىلغاندا ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى
بولىدۇ . بۇ توك يەتكۈزۈپ بېرىش لىنىيىسى ئې-
لېكتر بىلەن تەمىنلەش مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك

قىلىپ ، شىمالنىڭ ئېلېكتىر بىلەن تەمىنلەش كارخانىلىرىنى جەنۇبىتىكى كەسىپداشلىرى بىلەن رىقابەتلىشىش كۈچىگە ئىگە قىلىدۇ ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ يىراق تەرەققىيات پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋەزىيە ئېغىر ، مۇساپە ئۇزۇن . لېكىن قەتئىي چىڭ تۇرۇش ئاساسىنى تۇرغۇزغاندىلا ، پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش تامامەن مۇمكىن . بۇ قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش . شۇڭا مەيلى قانداق قىلىپ بولمىسۇن پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك .

# قازاقىستاننىڭ ئورمان بايلىقىدىن پايدىلىنىش ئەھۋالى

قازاقىستان ئورمانچىلىقىنىڭ ئېكولوگىيىلىك زور رولى ئۆز دۆلىتىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن قوشنا دۆلەتلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئەھۋالىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ . زور كۆلەملىك ئورمانلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا قازاقىستاننىڭ ياخشى كىلىماتى ، تۇپراق شارائىتى ۋە مول سۇ بايلىقى بولغان . ئورمانلارنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات سىستېمىسىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن . قازاقىستاندا ئۆسىدىغان 6500 خىل يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكنىڭ 60% تىن كۆپرەكى ئورمانلىقلارغا تارقالغان . ئورمانلىقلاردا يەنە 70 خىل قىممەتلىك ياۋايى ھايۋاناتلار بار . ئۇنىڭدىن باشقا ئورمانچىلىق قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا ، ھەر يىلى تەخمىنەن 2 مىليارد كۇب مېتىر ئورمان كېسىلىدۇ ، شۇنداقلا دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان خام ماتېرىيال ، ياۋا مېۋە ـ چېۋە ۋە باشقا دۆلەت ۋە خەلق تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بۇيۇملار يىغىۋېلىنىدۇ .

قازاقىستاننىڭ ئورمان بايلىقى قازاقىستان دۆلەت ئورمانچىلىق ئورگىنى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ . ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم مەملىكەت خاراكتېرلىك ئورمان بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ ، ئورمانلارنىڭ سانى ، سۈپىتى ۋە تەرەققىياتى ستاتىستىكا قىلىنىدۇ .

ھازىر مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي ئورمان كۆلىمى 24 مىليون 568 مىڭ 200 گېكتار ( مەملىكەت زېمىنىنىڭ 9% نى ئىگىلەيدۇ ) .

**1. ئورمان بايلىقىنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتى**

98% كە يېقىن ئورمان تۇپرىقى قازاقىستان ئېكولوگىيە ۋە جانلىقلار بايلىقى مىنىستىرلىكى ئورمانچىلىق كومىتېتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ ، ئۇ قازاقىستان ئېكولوگىيىلىك ۋە جانلىقلار بايلىقى مىنىستىرلىكى سىستېمىسىدىكى تەبىئىي قوغداش رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەخمىنەن 99% ئورمان تۇپرىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئورماننىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى يەنى بىرىنچى رولى ( ئومۇمىي رولىنىڭ 95.8% نى ئىگىلەيدۇ ) ئۈنۈملۈك سۇ ساقلاش ، مۇھاپىزەت قىلىش ، ساقلىقنى ساقلاش ۋە باشقا مۇھىت ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت . ئىككىنچى رولى ياغاچ ماتېرىياللىرىنى چەكلىك دەرىجىدە كېسىپ ئىشلىتىش .

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورمانچىلىق سىستېمىلىرى ئورمان بايلىقىنى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈرلۈك ئورمانلارغا بۆلۈپ 12 قوغداش دەرىجىسىگە ئايرىپ چىققان . بىرىنچى دەرىجىلىك

قوغدىلىدىغان ئورمان بايلىقى : بەلباغسىمان يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان ، ئوتلاق ئورمىنى ۋە باشقا ئورمانلار ، ئۇنىڭ كۆلىمى 21 مىليون 14 مىڭ 400 گېكتار بولۇپ ئومۇمىي ئورمان كۆلىمىنىڭ %87.6 تىنى ئىگىلەيدۇ . بۇ سانلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى ، ئورمانچىلىق سىستېمىلىرىنىڭ ئورمانلارنى تۈر ۋە دەرىجىلەرگە بۆلۈشى قازاقىستان ئورمانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئەمەلىي ئەھۋالدۇر . ئورمان بايلىقىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ، ئورمان بىلەن قاپلانغان تۇپراق كۆلىمى 10 مىليون 273 مىڭ 700 گېكتار بولۇپ ، ئومۇمىي كۆلەمنىڭ %43 نى ئىگىلەيدۇ ، بەلباغ بولۇپ شەكىللەنمىگەن ئورمان زىرائەت كۆلىمى 253 مىڭ 900 گېكتار ( %1نى ئىگىلەيدۇ) ، مايسىزارلىق 4300 گېكتار (%0.02 نى ئىگىلەيدۇ) ، ئورمان بىلەن قاپلانمىغان ئورمانلىق تۇپرىقى 6 مىليون 169 مىڭ 200 گېكتار (%25.7 نى ئىگىلەيدۇ) ، غەيرىي ئورمان تۇپرىقى 7 مىليون 272 مىڭ 900 گېكتار ( %30.3 نى ئىگىلەيدۇ) ئورمان بىلەن قاپلانغان يەر كۆلىمىنىڭ %10 نى يەنى 1 مىليون 29 مىڭ 300 گېكتار ئورمان سۈنئىي ئۇسۇلدا بەرپا قىلىنغان .

ئورمان بىلەن قاپلانغان تۇپراق تۈزۈلۈشىدە سۆك ـ سۆك ئورمىنى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈلگەن ئاق سۆك ـ سۆك بىلەن قارا سۆك ـ سۆك 5 مىليون گېكتارغا يېتىدۇ . ئورمان بىلەن قاپلانغان تۇپراق كۆلىمىنىڭ %50 گە (%48.9) يېقىنلىشىدۇ ، باشقا ئورمان تۈرلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار : قارىغاي 963 مىڭ گېكتار ، قېيىن ئورمىنى 900 مىڭ گېكتار ، ئاق قارىغاي 384 مىڭ گېكتار .

ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ توپلىنىش مىقدارىنى ئېلىپ ئېيتقاندا ، سۆك ـ سۆك ئورمىنىنىڭ نىسبىتى ياغاچ ماتېرىياللىرى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ (369 مىليون 810 مىڭ كۇب مېتىر ) %2.9 نى ئىگىلەيدۇ ، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى يىڭنە يوپۇرماقلىق ياغاچ ماتېرىيالى بولۇپ مىقدارى 230 مىليون 40 مىڭ كۇب مېتىر ( ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %62.2 نى ئىگىلەيدۇ ) ، ئۇنىڭ ئىچىدە قارىغاي ياغىچى 105 مىليون كۇب مېتىر ( %28.4) ، ئاق قارىغاي ياغىچى 56 مىليون 700 مىڭ كۇب مېتىر (%15.3) ، شەمشات ياغىچى 31 مىليون 100 مىڭ كۇب مېتىر (%8.4) ، ئاق قېيىن ياغىچ 78 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر (%21.2) ، ئاق تېرەك ياغىچى 25 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر (%7).

ئورمانلار يىتىلىش دەرىجىسىگە قاراپ يېتىلگەن ۋە يېتىلىپ بولغان تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ . يېتىلگەن ۋە يېتىلىپ بولغان ئورمانلارنىڭ كۆلىمى ھەممىدىن كۆپ بولۇپ 4 مىليون 61 مىڭ 600 گېكتار كېلىدۇ ( ئومۇمىي ئورمان كۆلىمىنىڭ %39.5 نى ئىگىلەيدۇ ) ، ئۇنىڭ ئىچىدە يېتىلىپ بولغان ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 272 مىڭ 600 گېكتار (%12.4نى ئىگىلەيدۇ) كېلىدۇ . ئوتتۇراھال يېتىلگەن ئورمانلارنىڭ كۆلىمى 2 مىليون 786 مىڭ 600 گېكتار (%27.1نى ئىگىلەيدۇ ) ، يېتىلىشكە ئاز قالغانلىرىنىڭ 2 مىليون 107 مىڭ 800 گېكتار (%20.5 نى ئىگىلەيدۇ) ، يېتىلمىگەن ئورمان كۆلىمى 1 مىليون 317 مىڭ 700 گېكتار (%128. نى ئىگىلەيدۇ) . يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېتىلىش دەرىجىسى بويىچە ئايرىلغان ھەر خىل ياشتىكى ئورمانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ ئەمەس ، بۇ دەرەخلەرنىڭ ئورمان ھاسىل قىلىشتىكى ياش قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . ياش كۆچەتلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن ، بۇ ، ئورمانلىقتا تەبىئىي يېڭىلىنىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ . بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئۆسۈش شارائىتىنىڭ ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلىگەنلىكىدىن بولغان . بۇ شارائىتلار ئورمانلارنىڭ شالاڭلىشىشىغىمۇ تەسىر

كۆرسەتكەن قاتتىق كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلىقلاردا دەرەخلەرنىڭ ئوتتۇرىچە زىچلىق دەرىجىسى 0.47 ، يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلىقلاردا 0.54 .

يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان تۈرلىرىنىڭ يېشى ئادەتتە بىرقەدەر ئۇزۇن بولىدۇ ، بال قارىغاينىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 180 يىل ، شەمشات ئورمىنىنىڭ 167 يىل ، ئاق قارىغاينىڭ 145 يىل بولىدۇ . ئورمانلار ئىچىدە قارىغاينىڭ ئوتتۇرىچە يېشى بىر قەدەر قىسقا بولىدۇ ( 65 يىل ). بۇنىڭ سەۋەبى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشتىكى قارىغاينىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى كۆپ ، بۇ ئەھۋال شۇ خىل دەرەخ تۈرلىرىنى كۆپ ئۆستۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

ئورمانلىقتا ھەر يىلى 6 مىليون 610 مىڭ كۇب مېتر ياغاچ ماتېرىيالى كۆپىيىدۇ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى قېيىن ياغىچى ( 2 مىليون 90 مىڭ كۇب مېتر ) ، قارىغاي ياغىچى ( 1 مىليون 620 مىڭ كۇب مېتر ) ، ئاق تېرەك ياغىچى (840 مىڭ كۇب مېتر ) ، سۆگەت ـ سۆگەت ياغىچى (590 مىڭ كۇب مېتر ).

ئورمان بايلىقىنىڭ 18.7%ى ( 4 مىليون 487 مىڭ 800 گېكتار) تاغلىق رايونلارغا تارقالغان . ئورمانلارنىڭ 50% تىن كۆپ تۇپرىقى تۇراقلىق ئوتلاق سۈپىتىدە چارۋىچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەلۇم قىسمى جەنۇبىي قىسمىدىكى ئوبلاستلارغا تارقالغان . جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستى ئوبلاست ئورمان بايلىقىنىڭ 96% نى ، جامبۇل ئوبلاستى 91% نى ، قىزىل ئوردا ئوبلاستى 70% نى ، تالدى قورغان ئوبلاستى 52% نى ، ئالمۇتا ئوبلاستى 46% نى ئىگىلەيدۇ .

ھەر قايسى ئوبلاستلارنىڭ ئورمان ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغاندا سۈنئىي ئورمانلارغىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك . جامبۇل ئوبلاستىنىڭ سۈنئىي ئورمان كۆلىمى 219 مىڭ 300 گېكتار كېلىدۇ . باشقا ئوبلاستلارنىڭ سۈنئىي ئورمان كۆلىمىنىڭ ئومۇمىي ئورمان كۆلىمىدىكى نىسبىتى : ئاق تۆبە ئوبلاستى 56% ، قوستاناي ئوبلاستى 31% ، غەربىي قازاقىستان ئوبلاستى 26% ، ئاق مولا ئوبلاستى 22% ، كۆكچىتاۋ ئوبلاستى ۋە ياۋلودار ئوبلاستى جەمئىي 20% نى ئىگىلەيدۇ .

سۈنئىي ئۇسۇلدا بەرپا قىلىنغان ئورمان بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى بىر قەدەر كۆپ بولغان ئوبلاستلار : قىزىل ئوردا ئوبلاستى 2 مىليون 130 مىڭ 300 گېكتار ( پۈتۈن مەملىكەتتىكى سۈنئىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 20.7% نى ئىگىلەيدۇ ) ، جامبۇل ئوبلاستى 1 مىليون 543 مىڭ 800 گېكتار ( 15%) ، جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستى 1 مىليون 477 مىڭ 800 گېكتار (14.4%) ، شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستى 1 مىليون 343 مىڭ 900 گېكتار (13.1%) ، ئالمۇتا ئوبلاستى 1 مىليون 163 مىڭ 600 گېكتار (11.3%) . بىراق ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ زاپاس مىقدارى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئوبلاستلارغا مەركەزلەشكەن : شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدا 127 مىليون كۇب مېتر ( پۈتۈن مەملىكەتتىكى زاپاس مىقدارىنىڭ 34% نى ئىگىلەيدۇ ) ، سېمىپالاتىنسكى ئوبلاستىدا 44 مىليون كۇب مېتر (12%) ، شىمالىي قازاقىستان ئوبلاستىدا 37 مىليون كۇب مېتر (10%) ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەر قايسى ئوبلاستلىرىدىكى چۆل ئورمىنىنىڭ زاپاس مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت ياغاچ ماتېرىياللىرى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ : قىزىل ئوردا ئوبلاستى 0.9% ، جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستى 0.92% .

## 2 . ئورمان بايلىقىنىڭ ئەھۋالى

ئەڭ يېڭى تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا ( 1988 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى

گىچە) قازاقىستاننىڭ ئورمان بايلىقى 32 مىليون 962 مىڭ 500 گېكتار كۆپەيگەن (13.7%) . ستاتىستىكىدا يەنە كۆرسىتىلىشىچە كولخوز ۋە سوۋخوزلارنىڭ ئورمان كۆلىمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 55% ۋە 71.5% ئازايغان . نۆۋەتتە ئورمانچىلىق ئىشلىرى كومىتېتى بۇ بىر قىسىم ئورمان بايلىقىنى دۆلەت ئورمانچىلىق ئورگىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا كىرگۈزدى . مەسىلەن ، ئالمۇتا ئوبلاستى قارار چىقىرىپ دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەرلەردىكى قىممەتلىك مېۋە دەرەخلىرىنى ئورمان بايلىقى سۈپىتىدە باشقۇردى . قازاقىستان ئورمان بايلىقىنىڭ ئېشىشىدىكى سەۋەب بارلىق ئورمان مەنبەلىرىنى دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان قازاقىستان ئورمانچىلىق ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشقۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر . ئورمان تۈپرىقىنىڭ ئېشىشىدىكى سەۋەب چاتقال ئورمىنى بىلەن چېكىنگەن يايلاقلارنى ئورمان بايلىقىغا كىرگۈزگەنلىكتىن بولغان . مەسىلەن ، بۇنداق ئورمان كۆلىمى جامبۇل ئوبلاستىدا 2 مىليون 468 مىڭ 100 گېكتار ، قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن ئارال دېڭىز ساھىلىدا 715 مىڭ 900 گېكتار ، مانغىستاۋ ئوبلاستىدا 195 مىڭ 300 گېكتار كۆپەيدى . ئورمان كۆلىمىنىڭ بىر قىسىم ئوبلاستلاردا ئازىيىپ كېتىشىدىكى سەۋەب ، سانائەت كارخانىلىرى ، قاتناش ئەسلىھەلىرىنى بىنا قىلىش ، ئورمان رايونىدا ئارامگاھ ، ساناتورىيە قۇرۇپ مەلۇم يەرلەرنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن بولغان . شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدا ئۆزگىرىش بىر قەدەر چوڭ بولۇپ 60 مىڭ 200 گېكتار ئازايغان ، بۇ ئاساسلىقى ئوبلاست دائىرىسىدا ئالتاينىڭ غەربىي قىسمىدىكى تەبىئىي قوغداش رايونى قۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . قوستاناي ئوبلاستىدا 88 مىڭ 900 گېكتار ئازايغان ، بۇنىڭ سەۋەبى نارزۇن تەبىئىي قوغداش رايونىنى دۆلەت ئېكولوگىيىلىك بىئولوگىيە بايلىقى مىنىستىرلىكىگە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىدىندۇر .

يېقىندا ئېيتىلغان تۈپراقلارنى ئورمان مەنبەلىرىنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن تۇرلۇك تۈپراقلارنىڭ نىسبىتىدە بىر قاتار ئۆزگىرىش بولدى . مەسىلەن ، ئوتلار 51.9% كۆپەيدى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈنئىي ئۇسۇلدا بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمىمۇ 112 مىڭ 100 گېكتار (12.1%) كۆپەيدى ، بۇ مەلۇم دەرىجىدە ئورمان ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورمان بىنا قىلىش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . ئورمان مەنبەلىرى تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىشىدە باغلىق يەر كۆلىمىنىڭ ئۆزگىرىشىگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك . باغلىق يەر كۆلىمى 4500 گېكتاردىن 4800 گېكتارغا كۆپەيدى ، كۆيدۈرۈلگەن ۋە قۇرۇپ كەتكەن ئورمان كۆلىمى 43 مىڭ گېكتار ئازلىدى . كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن تېخى يېتىلمىگەن ئورمانلارنىڭ كۆلىمى 10% تۆۋەنلىدى . ئۇنىڭدىن باشقا تەبىئىي يېڭىلىنىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ بولغانلىقتىن تەبىئىي ئورمانلارنىڭ يېڭىلىنىش كۆلىمىنىڭ ئېشىشى چەكلىك بولدى . نەتىجىدە ئورمانلارنىڭ ساقلىنىش مىقدارىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە كېسىلىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىدەك ئەھۋال كۆرۈلدى . كېسىلىش كۆلىمى جەمئىي 71 مىڭ 900 گېكتار كۆپەيدى (127.%) ، ئۇنىڭ ئىچىدە قىزىل ئوردا ئوبلاستىدا 55 مىڭ 500 گېكتار ، سېمىپالاتىنىسكى ئوبلاستىدا 7100 گېكتار ، پاۋلودار ئوبلاستىدا 4100 گېكتار ، شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستىدا 3000 گېكتار كۆپەيدۇ . قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ ئورمانچىلىق رايونلىرىدا ئورمانلار كېسىلگەندىن كېيىن داۋاملىق ئورمان بىنا قىلىنمىغانلىقتىن پەرۋىش قىلىنمىغان ئورمان كۆلىمى جىددىي ئېشىپ كەتتى ، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئارال دېڭىزىنىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى رايونلار يۈز بەرگەن ئېكولوگىيىلىك

ئاپەتلەر ئورمانلارنىڭ ئۆسۈش شارائىتىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن بولغان. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، سىر دەرياسىدىن سۇ باشلاپ سۇغىرىش يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە ئارال دېڭىزىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىكەن، قىزىل قۇم چۆللىكىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا ئاق سۆك - سۆك ئۆسمەيدىغان بولدى، ئاق سۆك - سۆك بولسا ئورمان بىنا قىلىشتىكى ياخشى سورتتۇر. نۆۋەتتىكى ئېغىر مەسىلە، قازاقىستاندا ھازىرغا قەدەر تېخى ئاق سۆك - سۆكنى ئۆستۈرۈش ۋە سورت يېتىشتۈرۈشنىڭ ياخشى چارىسى تېپىلمىدى.

ئورمان بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستى ۋاقتىدا يېڭىلىماي ئەكسىچە كۆپلەپ كەسكەنلىكتىن، شۇنداقلا ئالتاينىڭ غەربىي قىسمىدىكى تەبىئىي قوغداش رايونىغا مەلۇم كۆلەمدىكى ئورمانلارنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكتىن ئاق قارىغاينىڭ كۆلىمى 28 مىڭ 100 گېكتار (6.8%) كېدىر قارىغىيىنىڭ كۆلىمى 2800 گېكتار (6.1%) ئازىيىپ كەتكەن.

بەش يىلدىن بۇيان، ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ توپلىنىشى 15 مىليون 730 مىڭ كۇب مېتىر (+4.4%) ئاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى قارىغاي. قارىغاي ياغىچى ئېشىپ، بەش يىل ئىچىدە توپلىنىش مىقدارى 12.5% ئاشقان. توپلىنىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىنى مەلۇم دەرىجىدىن ئېيتقاندا دەرەخ تۈرلىرى دەرىجىسىنىڭ ئېشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، يەنى ئۈچىنچى تۈردىن ئىككىنچى تۈرگە، ئىككىنچى تۈردىن بىرىنچى تۈرگە ئايلىنىش جەريانىدا كېسىلىش مىقدارى ئازلاپ كەتكەن.

ئەسلىدە 1961 - يىلىدىن باشلاپلا ئورمان مەنبەلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا نىسبەتەن ستاتىستىكا ئېلىپ بېرىش كېرەك ئىدى، بىراق 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قازاقىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ چېگرا مەسىلىسى سەۋەبىدىن جەنۇبىي قازاقىستان ئوبلاستىنىڭ چاردالا رايونىنىڭ ئورمان كۆلىمى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن 1966 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئانالىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەرياندا سۇنئىي ئۇسۇلدا بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 6.4 ھەسسە (160 مىڭ 100 گېكتاردىن 1 مىليون 29 مىڭ 300 گېكتارغا كۆپەيدى) كۆپەيدى، 4800 گېكتار مېۋىلىك دەرەخ يېتىشتۈرۈش بازىسى بەرپا قىلىنىپ، مېۋە ۋە ئۈزۈم كۆچىتى يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى، 13 مىڭ 500 گېكتار ئورمان چۆللۈكى ئېچىلىپ، بوز يەر كۆلىمى 12.5% ئاشتى. كۆپ مىقداردىكى چۆللۈكلەرنى ئورمانچىلىققا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ ئالدىدا ئورمان كۆلىمى ناھايىتى مۇقىم ئىدى (1946 - يىلى 20 مىليون 849 مىڭ گېكتار، 1988 - يىلى 20 مىليون 761 مىڭ گېكتار). ئورمانلاردا ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ توپلىنىش مىقدارى 27 يىل ئىچىدە 82 مىليون 270 مىڭ كۇب مېتىر (28.6% ئاشقان) ئاشقان، ئۇنىڭ ئىچىدە قارىغاي ياغىچى 1.75 ھەسسە ئاشقان (60 مىليون كۇب مېتىردىن 105 مىليون كۇب مېتىرغا كۆپەيگەن)، قارىغاي ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، قازاقىستاندا بۇ خىل دەرەخ سورتىنى ئۆستۈرۈش ناھايىتى مۇۋاپىق. بۇ رايوندا ئورمان بەرپا قىلىش ھەرىكىتى ناھايىتى غەلىبىلىك بولدى، شۇنداقلا بىر قەدەر يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ستاتىستىكىدا يەنە ئاق قارىغاي ئورمىنى بىلەن ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ توپلىنىش مىقدارىنىڭ تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى كۆرسىتىلگەن، يەنى 74 مىڭ 300 گېكتار (16.2%) ۋە 14 مىليون 250 مىڭ كۇب مېتىر (20.1%) تۆۋەنلەيدۇ. (02)

# قازاقستاننىڭ پەن - تېخنىكا ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتتىكى يوشۇرۇن كۈچ

مۇستەقىل بولۇشتىن ئاۋۋالقى قازاقستاننىڭ پىلانلىق ئىگىلىكى قازاقستاننىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، جۇمھۇرىيەتنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ھالىتىدە تۇردى. مەسىلەن: يەر يۈستى قۇرۇلمىسى، كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارقىلىشى، قېزىش ھەم پىششىقلاپ ئىشلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي تەتقىقات تەرەققىي قىلدى. كومپيۇتېر، تەتبىق ماتېماتىكا، رادىئاتسىيە ماتېرىيال ئىلمى، بىئو مولېكۇلا ئىلمى، بىئو خىمىيە ۋە بىئو فىزىكا ئىلمى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش خىزمەت دائىرىسى ۋە سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئېكولوگىيىلىك تەكشۈرۈلۈقنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقات دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن قازاقستاننىڭ مەيلى سىياسىي ئىقتىسادى بولسۇن ياكى پەن - تېخنىكا دائىرىسىدە بولسۇن ھەممىسىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇ خىل ئۆزگىرىش پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا زەربە بەردى. شۇنداقلا يۇرسەتمۇ ئېلىپ كەلدى. نەچچە ئەۋلات پەن - تېخنىكا ئالىملىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشىشى ئارقىلىق قازاقستان پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىدا ۋە ئۇنى ئىشلىتىشتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى بەرپا قىلدى. ھازىر قازاقستاننىڭ پەن - تېخنىكىسى قانداق ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ؟ ئۇ دۇچ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەر زادى قايسى؟ قانداق ئەۋزەللىككە ئىگە؟ دېگەن مەسىلىلەرگە نىسبەتەن مەزكۇر ماقالىدا ئاددىي ئانالىز يۈرگۈزۈلىدۇ. قازاقستان پەن - تېخنىكا ساھەسىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەندە، قازاقستاننىڭ ئىقتىسادى، دۆلەت كۈچى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە نىسبەتەن توغرا ھۆكۈم چىقىرىش قىيىن بولمايدۇ.

قازاقستان مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى پىلانلىق ئىقتىساد شارائىتىدىكى پەن - تەتقىقات تۈزۈلمىلىرى بەرپات بولغانلىقتىن، قازاقستاننىڭ پەن - تېخنىكا ساھەسى قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. دۇنيا ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىساد ھەم دۆلەت كۈچى ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، قازاقستان مۇلۇكچىلىك شەكلىنى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى دادىللىق بىلەن ئىسلاھ قىلدى. خام چوت يېتىشمەسلىك، پۇل پاخاللىشىش شارائىتىدا، قازاقستاننىڭ پەن - تېخنىكا ساھەسى زور زەربىگە ئۇچرىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قازاقستاننىڭ پەن - تېخنىكا ساھەسىدە خۇشاللىقتىن غەم - ئەندىشە كۆپ بولدى.

**1. پەن - تەتقىقاتقا ئىشلىتىلىدىغان خىراجەت يىلدىن - يىلغا ئازلاپ، نۇرغۇنلىغان تەتقىقات تۈرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى.**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قازاقستان ھۆكۈمىتى مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىشتا پەن - تەتقىقاتقا ئىشلىتىلىدىغان خىراجەتنى زور دەرىجىدە ئازايتتى، 1990 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، قازاقستان پەن - تەتقىقاتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي

مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سوممىسى 1.7 ھەسسە ئازايتىلدى . مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ، قازاقىستان تۇپرىقىنىڭ كۆلىمى ۋە ئاھالىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ، لېكىن پەن - تەتقىقاتقا ئىشلىتىلىدىغان خىراجەت سوممىسى سەككىزىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . يېقىندىن بۇيان ، قازاقىستان ئارقا - ئارقىدىن 220 تەجرىبىخانا ۋە پەن تەتقىقات تارماقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ، يېرىمىدىن كۆپرەك پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى قىسقارتتى ، قالغان يېرىمى مەبلەغ يېتىشمەسلىك ، پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى قانات يايدۇرۇش قىيىن بولۇش ھالىتىدە تۇرماقتا .

**2. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى يىلدىن - يىلغا ناچار بولدى .**

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئاۋۋال ، قازاقىستاندا 56 ئالىي مەكتەپ ، 246 ئوتتۇرا تېخنىكوم بار ئىدى ، بۇ مەكتەپلەردە 500 مىڭدىن كۆپ ئوقۇغۇچى بولۇپ ، ھەر يىلى خەلق ئىگىلىكىگە 125 مىڭ ياش ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرەتتى . قازاقىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ، 1991 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە قازاقىستاندىكى ئالىي مەكتەپلەر پەقەت 135 مىڭ مۇتەخەسسىسنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى ، بۇ مەزگىلدە 62 پەن تەتقىقات ئورگىنى ۋە 35 ئالىي مەكتەپتە ئىشتىن ئايرىلىپ ۋە ئىشتىن ئايرىلماي تۇرۇپ ئۆگىنىدىغان ئاسپىرانتلارنىڭ ئومۇمىي سانى 3000 ئادەمگە يەتمىدى . 1990 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن تەربىيىلەنگەن ئاسپىرانتلارنىڭ سانى 578، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرى 549 بولدى . بۇنى 1991 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى كاندىدات دوكتورلارنىڭ سانى ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپ ئازىيىپ كەتتى . 1991 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە قازاقىستاندا 62 ئادەم دوكتورلۇق كۇرسىدا تەربىيىلەندى ، بۇنىڭ ئىچىدە 17 ئادەم مەكتەپنى پۈتتۈردى ، پەقەت 7 ئادەم دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى .

**3. پەن تەتقىقات كادىرلىرىنىڭ باشقا ساھەلەرگە يۆتكىلىش ئەھۋالى ئېغىر بولغانلىقتىن ، بەزى كەسىپلەر داۋاملاشالماي قالدى .**

نەچچە يىل ئىچىدە ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بارلىق دۆلەتلەردە پەن تەتقىقات كادىرلىرى 1.4 — 2 ھەسسە ، قازاقىستاندا 1.5 ھەسسە ئازايدى . 1991 - يىلى ئاساسەن ياردەمچى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار قىسقارتىلغانىدى ، 1992 - يىلدىن كېيىن ئاساسلىق پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلار ئۈزلۈكسىز قىسقارتىلدى ، بولۇپمۇ ئالمۇتا شەھىرىدە پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ ئازىيىشى زور بولدى ، بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى پەن - تېخنىكا كادىرلىرى ئازىيىش سانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ . ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا ، 1994 - يىلى قازاقىستاندا پەن - تېخنىكا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ( 1012 دوكتور ۋە 7032 كاندىدات دوكتورنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) جەمئىي 30 مىڭ كىشى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 40 ياشتىن تۆۋەن كاندىدات دوكتور پەقەت بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ . ھەر 40 نەپەر پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدا پەقەت بىر دوكتور بولۇپ ، بۇنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا زور تۆۋەن ، بۇ ئەھۋال ، قازاقىستاندىكى پەن تەتقىقات كادىرلىرىنىڭ ۋە پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى ، شۇنداقلا ، بەزى كەسىپ-

لەر بولۇپمۇ ماتېماتىكا ، فىزىكا قاتارلىق ئاساسىي پەنلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئۈزۈلمە ھاسىل قىلىپ ، كەسپىنىڭ داۋاملىشىشىنى توسالغۇغا ئۇچراتتى .

بۇ خىل ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي سەۋەبنىڭ بىرى : قازاقىستاندا پۇلنىڭ پاخاللىششى بەك ئېغىر ؛ پەن تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇئاشى ئاساسەن دۆلەتنىڭ پۇل ئاجرىتىشىغا قاراشلىق . 1991 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە ، دۆلەت خام چوتتىن ئاجرىتىپ بېرىدىغان مۇتلەق قىممەت 4900 ھەسسە ئاشتى . لېكىن بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن ھەر يىلى سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى 10 مىڭ ھەسسە ئېشىپ ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ مۇئاش سوممىسىنىڭ تېزدىن تۆۋەنلەپ كېتىشىنى ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ناچارلىشىشىنى ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىيالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدا ؛ يەنە بىرى ، دۆلەتنىڭ پەن تەتقىقات خىزمىتىگە سالىدىغان مەبلىغى زور مىقداردا قىسقارتىلىپ ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى ناچار ، ئەمگەك ھەققى تۆۋەن بولدى . سانائەت كەسىپلىرىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە ، ئامانەت قەرز ، مالىيە ۋە سۇغۇرتا ساھەلىرىنىڭكىگە قارىغاندا ئۈچ ھەسسە تۆۋەن بولغانلىقتىن ، نۇرغۇنلىغان پەن تەتقىقات خادىملىرى باشقا تىجارەت ساھەلىرىگە يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىدە .

**4 . پەن تەتقىقات خىزمىتىدىكى رايون پەرقى ئۆزلۈكسىز زورىيىپ ، پەنلەرنىڭ نىسبىتى ئېغىر بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى .**

1996 - يىلىغىچە ، قازاقىستاندا 289 پەن تەتقىقات ئورگىنى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە 111 پەن تەتقىقات ئورنى ، 56 ئالىي مەكتەپ ۋە 28 مۇستەقىل لايىھەلەش ئىدارىسى بار ئىدى . بۇ- نىڭدىن باشقا ، جۇمھۇرىيەتتە يەنە 262 تەجرىبە زاۋۇتى ۋە مۇستەقىل ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى ، 600 گە يېقىن پەن - تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى ۋە بىرلەشمە كارخانا بار . بۇ ئورگانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئالمۇتا شەھىرى ، قاراغاندا ئوبلاستى ۋە شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستى قاتارلىق جايلارغا مەركەزلەشكەن . 1994 - يىلى ئاساسلىق يۇقىرىقى رايونلاردىكى پەن تەتقىقات خادىملىرى سانائەت كارخانىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك پەن تەتقىقات ، لايىھەلەش - پىلانلاش ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردە قىممىتى 1 مىليارد 580 مىليون تەڭگىگە يېتىدىغان خىزمەت مىقدارىنى تاماملىدى ، پەن - تېخنىكا خىزمىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 10.5% بولدى . 1995 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە 283 مۇستەقىل ئورگان (48 ئالىي مەكتەپمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ ، بۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئالمۇتا شەھىرىگە ۋە ئالمۇتاغا يېقىن ئەتراپتىكى رايونلارغا مەركەزلىشىپ ، تېخىمۇ زور رايون پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، قازاقىستان تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيە مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كان گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ سانى باراۋەر ؛ تارىخ ، پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات ئىلمىدە تەربىيىلىگەن ئاسپىرانتلارنىڭ سانى بارلىق پەن - تېخنىكا ساھەسىدە تەربىيىلىگەن ئاسپىرانتلارنىڭ سانى بىلەن تەڭ بولدى . بۇ خىل ئەھۋال مۇقەررەر ھالدا قازاقىستاننىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە پەن - تېخنىكا ، ئىقتىساد جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ .

**5 . پەن تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە ئىش خانا ئىسلاھلىرى كونىرىغان ياكى جىددىي رې**

مۇنت قىلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش مەسىلىسى قازاقىستان پەن ـ تېخنىكا ساھەسى ئومۇميۈزلۈك دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىدۇر.

ئادەتتە، پەن تەتقىقات ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىشلىتىلىش مۇددىتى بەش يىلدىن بەتتە يىلغىچە بولىدۇ. ھازىر قازاقىستاندىكى پەن تەتقىقات ئورگانلىرى ئىشلىتىۋاتقان ھەر خىل ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىچىدە 17% ئۈسكۈنىنىڭ ئىشلىتىلگىنىگە بىر يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان بولۇپ، قالغان 50% تىن كۆپرەك ئۈسكۈنىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىگە 10 يىلدىن ئاشتى. بارلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىشلىتىلىش مەزگىلى 11 يىل ئەتراپىدا بولدى؛ ھەر قايسى پەن تەتقىقات ئورگانلىرىدىكى ھېسابلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىر قەدەر ناچار بولۇپ، قىممىتى پەقەت بارلىق پەن تەتقىقات ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئەسۋابلىرى قىممىتىنىڭ 20% نى ئىگىلەيدۇ، 50% دىن كۆپرەكىنىڭ ئىشلىتىلگىنىگە بەش يىلدىن ئاشتى. بۇنىڭدىن باشقا، قازاقىستاندىكى نۇرغۇنلىغان پەن تەتقىقات ئورۇنلار تۇرىۋاتقان بىنالار پەقەت خىزمەت ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ، پەن تەتقىقات تەجرىبىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ، بۇ بىنالارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى جىددىي رېمونت قىلىنىشى كېرەك، يەنە بىر قىسمى رېمونت قىلىنماقتا، بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور مەبلەغ كېتىدۇ. قازاقىستاننىڭ ھازىرقى دۆلەت كۈچىگە قارىغاندا، ھازىرقى ئەھۋالنى ساقلاپ قېلىشمۇ ئاسان ئەمەس، شۇڭا پەن تەتقىقات ئۈسكۈنىلىرىنى ۋە ئىشخانا ئەسلىھەلىرىنى سېتىپ ئېلىش ھەم رېمونت قىلىشتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

گەرچە قازاقىستاننىڭ پەن ـ تېخنىكا سەھەسىدە يۇقىرىقىدەك ھەر خىل قىيىنچىلىقلار ۋە كىشىنى قايىل قىلالمايدىغان جايلار بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزى ئەۋزەللىكلەر بار، مەسىلەن: جۇمھۇرىيەتنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، پەلسەپە ۋە بىئولوگىيە قاتارلىق پەنلىرى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىدە تۇرىدۇ؛ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىكى زور دۆلەت كۈچى قازاقىستانغا ئېنېرگىيە، توك ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەشتەك ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغان ئاساسىي مۇئەسسەسە سىستېمىسىنى قالدۇرغان. شۇڭا قازاقىستاننى پەن تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتا ياخشى ئاساسقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. يەنە، قازاقىستان ئاشلىق، پاختا قاتارلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن مول ھوسۇل ئالىدۇ؛ نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق كان مەھسۇلات زاپىسى مول. مانا بۇلارمۇ قازاقىستاننىڭ پەن تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىشىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان زاپاس كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قازاقىستان ئىقتىسادىي ئىسلاھات كۈچىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت قازاقىستان پەن ـ تېخنىكا ساھەسى يۈزلىنىۋاتقان ئېغىر ئەھۋالنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئۇلار «قازاقىستان پەن ـ تېخنىكىسىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈش» تەك چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەيلى قايىل بولسۇن ياكى بولمىسۇن، جۇمھۇرىيەتتىكى بارلىق پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ھەممىسىنى پەن تەتقىقات بىلەن بازار ئىقتىسادىنى بىرلەشتۈرۈش قايىنىمىغا كىرگۈزۈپ، بازار ئىقتىسادىنىڭ سىنىقىغا يۈزلەندۈردى. قازاقىستان پەن تەتقىقات ئورگىنىنىڭ تۈزۈلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئورتاق باشقۇرۇش سىستېمىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن، مەبلەغ چەكلىك شارائىتتا باشقۇرۇشقا ماسلىشىپ، پەن ـ تېخنىكا، ئاتوم ئېنېرگىيىسى ئاۋىئاتسىيە تارمىقى، پاتېنت ئىدارىسى ھەم دۆلەتلىك تەستىق كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى تارماق يەنى ئىلىم ـ پەن تارمىقىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ تارماقنىڭ قۇرۇلۇشى پەن ـ تېخنىـ

كىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئورگان ۋە پەن تەتقىقات خادىملىرىنى قىسقارتىش ، ئۈنۈمنى ئەڭ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈش ، پەن تەتقىقات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پەن - تېخنىكا ھەمكارلىق ئىشلىرىنى تەشكىللەش ئۈچۈندۇر .

بەزى نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ دۆلەت مەبلىغى جىددىي بولۇش ، مالىيە كۈچى يېتىشمەسلىك قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئىلغار تۈرلەرنى تەتقىق قىلىش مەركىزىنى قۇرۇش ، نۇقتىلىق تۈرلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتەك ئۇسۇللارنى قوللاندى ۋە دۆلەتلىك ئىلىم - پەن مەركىزىدىن تۆتنى قۇردى .

گەرچە مەبلەغ چەكلىك بولسىمۇ ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قازاقىستاننىڭ پەن تەتقىقات ئۇسكۇنىلىرى ئىچىدە ھېسابلاش ئۇسكۇنىلىرىگە سالغان مەبلىغى بىر قەدەر كۆپ بولدى . مەسىلەن : قازاقىستان پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى يېقىندىلا 100 دىن ئارتۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى سېتىپ ئالدى . ھازىر ھەر بىر بۆلۈمدە، دېگۈدەك بىر ئىككىدىن ھېسابلاش ماشىنىسى بار ، ھەر بىر پەن تەتقىقاتچى بۇ ماشىنىلارنى ئىشلىتىشنى بىلىدۇ ، بۇ ئەھۋال خىزمەت ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، تەتقىقاتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى تېزلەتتى .

پەن تەتقىقات بىلەن ئىقتىساد دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئىككى چوڭ تۈۋرۈك ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان قوشكېزەك ، بولۇپمۇ ھازىر جەمئىيەتنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە ، پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىساد ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىدۇ ، ھازىر بۇ نۇقتىنى قازاقىستان ھۆكۈمىتى تولۇق تونۇپ يەتتى . قانداق قىلىپ پەن - تېخنىكىنى تەستە. تەرەققىي قىلىشتەك قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇش ، پەن تەتقىقاتچىلار قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ، قانداق قىلىپ پەن تەتقىقات بىلەن ئىقتىسادنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش ، پەن تەتقىقاتنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇش ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى ياخشىلاش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى قازاقىستان ھۆكۈمىتى ۋە جۇمھۇرىيەتتىكى بارلىق پەن تەتقىقاتچىلار يۈزلىنىۋاتقان ھەم ئويلىنىۋاتقان مەسىلىدۇر ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا دۆلەتلەر يۈزلىنىۋاتقان قىيىن مەسىلىدۇر . بۇ مەسىلىلەرنى بىر كۈن ھەل قىلمىسا ، قازاقىستان ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىر كۈن توسالغۇ بولىدۇ . ھازىرغىچە ، قازاقىستاننىڭ ئاساسىي تېخنىكا سەۋىيىسى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن 40 _ 50 يىل ئارقىدا قالدى ، شۇڭا قازاقىستان پەن - تېخنىكا ساھەسى تېز سۈرئەتتە پەن تەتقىقاتنى مەركەزلىك تۇتۇپ ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ ، پەن تەتقىقاتتىكى زاپاس كۈچلەرنى تەربىيىلەپ ، قىيىن ئەھۋالدىن بالدۇر قۇتۇلغاندىلا ، ئاندىن 21 ـ ئەسىردىكى كەسكىن رىقابەتتە ئالدىنقى ئورۇنغا ئېرىشىشى مۇمكىن . (01)

# سانكت - پېتېربۇرگ بىلەن ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تەرەققىيات مۇناسىۋىتى

دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سودىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ياۋروپا - ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ترانسپورت مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تەدرىجىي قوزغىدى، ياۋروپا - ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر يول قاتنىشى «چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» قۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى شۇ لىنىيە بېسىپ ئۆتىدىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ كۈندىن - كۈنگە روشەنلىشىشكە باشلىدى. بۇ مەسىلە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ياۋروپا - ئاسىيا خەلقئارا سودىسىدىكى قىزىق تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، ھەممىدىن مۇھىمى بۇ خەلقئارا ھەمكارلىق ئارقىلىق لىنىيە بېسىپ ئۆتىدىغان دۆلەتلەرگە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ، روسىيە، بولۇپمۇ روسىيىنىڭ ياۋروپاغا يۈزلەنگەن ئىشىكى بولغان سانكت - پېتېربۇرگ بۇ پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋېتىشنى خالىمايدۇ. دەل بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، 1994 - يىلدىن باشلاپ پېتېربۇرگتىكى بىر قىسىم ئەربابلار ئۆزلىكىدىن بىر خەلق تەتقىقات ئۇيۇشمىسى — «پېتېربۇرگنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» نى قۇردى ھەم روسىيە فېدېراتسىيىسى قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

## بىرىنچى، پېتېربۇرگ لايىھىسى

ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى دېگەندە كىشىلەر ئادەتتە بىر قەدەر كۆپرەك مۇنازىرە قىلىدىغىنى لىيەنيۈنگاڭ - ئامستېردام تۆمۈر يول قاتنىشى لايىھىسىدۇر. روسىيە «پېتېربۇرگنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» نىڭ قارىشىچە، بۇ لايىھىدە گەرچە توشۇش خىراجىتى ھىندى ئوكيان ۋە سۇۋەيش قانىلىدىن ئۆتىدىغان ئەنئەنىۋى دېڭىز قاتنىشى لايىھىسىدىن 20% تېجەپ قېلىنسىمۇ، بىراق پولشا ۋە گېرمانىيىنىڭ ھازىرقى تۆمۈر يولىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ لىنىيىلەر تويۇنما ھالەتتە، شۇڭا باشقا يېڭى قاتناش مىقدارىنى قوشۇش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا مەزكۇر ئۇيۇشمىدىكىلەر چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنى «دېڭىز - قۇرۇقلۇق بىرلەشمە توشۇش كارىدورى» غا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت پېتېربۇرگ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لىنىيە شەرقتە جۇڭگونىڭ لىيەنيۈنگاڭ پورتىدىن باشلىنىپ، جۇڭگو - قازاقىستان چېگرىسىدىكى دوستلۇق ۋوگزالى ۋە روسىيىنىڭ سانكت - پېتېربۇرگ شەھەرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ غەربتە گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىگە تۇتىشىدۇ. بۇ لايىھىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1. پېتېربۇرگ بىلەن ھامبۇرگ ئوتتۇرىسىدا بالتىق دېڭىزىدىن ئۆتىدىغان دېڭىز قاتناش شەكلى قوللىنىلىدۇ.

2. روسىيە ۋە پولشا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرى قىسقىرايدۇ.

3. ئەنئەنىۋى دېڭىز قاتناش لايىھىسىگە سېلىشتۇرغاندا، 20 ئىنگلىز چىسى كېلىدىغان يۈك ساندۇقىنى مىسال قىلساق، توشۇش ۋاقتى 14 كۈن قىسقىرايدۇ، ھەر بىر ساندۇقنىڭ يىللىق ئايلىنىشى يەتتە قېتىم كۆپىيىدۇ. توشۇش خىراجىتى 10% ئازلايدۇ.

## ئىككىنچى، رېئاللىق بىلەن ئىمكانىيەت

«پېتېربۇرگ لايىھىسى» نى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ باقساق بۇ لايىھىدە بىر نەچچە گەۋدىلىك مەسىلىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

### 1. پورتنىڭ كىرگۈزۈش - چىقىرىش مىقدارىدىكى كەملىك

پېتېربۇرگ لايىھىسىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى دېڭىز - قۇرۇقلۇق بىرلەشمە قاتنىشى. بۇ ئالدى بىلەن پورتنىڭ (پېتېربۇرگ پورتى بىلەن هامبۇرگ پورتى) كىرگۈزۈش - چىقىرىش ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىگە تاقىشىدۇ. دەل مۇشۇ تەرەپتە روسىيىنىڭ ئەھۋالى كىشىنى خۇشال قىلالمايدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەخمىنەن 200 نەچچە پورت بار ئىدى. 1991 - يىلىدىكى ئومۇمىي كىرگۈزۈش - چىقىرىش مىقدارى 450 مىليون توننا بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ، هازىر روسىيە دېڭىز پورتلىرىنىڭ يىللىق كىرگۈزۈش - چىقىرىش مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا 120 مىليون تونناغا يېتىدۇ، ئېھتىياج مىقدارى بولسا 1994 - يىلى 210 مىليون تونناغا يەتكەن، روسىيىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پەرەز قىلىشىچە 2000 - يىلغا بارغاندا 400 مىليون تونناغا يېتىدىكەن، ئەگەر هازىر روسىيە پورتلىرىنىڭ كىرگۈزۈش - چىقىرىش ئىقتىدارى ئەمەلىي ئېھتىياجغا هەر يىلى 200 مىليون توننا كەملىسە ئۇنداقتا 2000 - يىلغا بارغاندا بۇ كەملىك تېخىمۇ چوڭىيىدۇ.

روسىيە پورتلىرىنىڭ كىرگۈزۈش - چىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆزى ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالىشى ناھايىتى قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋروپا - ئاسىيا بىرلەشمە قاتنىشىدىكى مال يۆتكەپ توشۇشمۇ بار، ئۇنىڭ پەرقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. بۇ مەسىلىنى يېڭى پورت قۇرۇش، كىرگۈزۈش - چىقىرىش مىقدارىنى كېڭەيتىش يولى ئارقىلىقلا هەل قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇللار بىلەن هەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇمۇ دەل روسىيىنىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي هەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجىغا ماس كېلىدۇ.

### 2. يېڭى پورت قۇرۇش ئېھتىماقا ئاسان

يېڭى پورت قۇرۇش ياۋروپا - ئاسىيا دېڭىز - قۇرۇقلۇق بىرلەشمە قاتنىشىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا روسىيىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قەدەر ياخشى تەبىئىي شارائىتقا ئىگە. دەلىللەش ئارقىلىق، پېتېربۇرگ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى فىنلاندىيە قولتۇقىدىكى كوتلىن ئارىلىدا يېڭى پورت قۇرۇش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئارال دەل پېتېربۇرگتىن دېڭىزغا ئاتلىنىدىغان بىردىنبىر يولغا جايلاشقان، ئارالدا داڭلىق كراستاد قورغىنى بار، هازىر روسىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بالتىق دېڭىزىدىكى فىلوتىنىڭ بازىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

بۇ لايىھىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بۇ ئارالنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئارالدا يىللىق كىرگۈزۈش - چىقىرىش مىقدارى 60 مىليون تونناغا يېتىدىغان نېفىت پورتى قۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ لايىھىنىڭ ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتلىرى:

پورتنىڭ ئورنى: كوتلىن ئارىلى هەمدە نىسپىي قۇرۇقلۇق قىرغىقى؛ پېتېربۇرگ شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىق 40 كىلومېتر؛ پورتنىڭ كۆلىمى 30 كۋادرات كىلومېتر؛ پورتنىڭ سۇ ساھىلى 80 كۋادرات كىلومېتر؛ يىللىق كىرگۈزۈش - چىقىرىش ئومۇمىي مىقدارى 120 مىليون توننا؛ كەلگۈسىدىكى مىقدارى 200 مىليون توننا؛ 3 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ

رىيىلىنىدۇ .

ئۇنىڭ ئىچىدە سودا پورتىنىڭ 60 مىليون توننىلىق يىللىق كىرگۈزۈش — چىقىرىش مىقدارىدا 30 — 40 مىليون توننا يۈك ساندۇقى كىرگۈزۈش — چىقىرىش مىقدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . كېرەكلىك مەبلەغ ھۆكۈمەتنىڭ مەخ- سۇس زايوم بېلەتى تارقىتىشى ھەم ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنى ئاساس قىلىپ زايوم بېلەتى سېتىۋې- لىش ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ . 1995 — يىلى 10 — ئايدا روسىيە ، گېرمانىيىنىڭ قاتناش مىنىستىرى بىر قوشما بايانات ئېلان قىلىپ بالتىق دېڭىزىدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ترانزىتسىز توشۇش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش توغرى- سىدا ئورتاق توخۇشقا ئىگە بولدى ھەم گېرمانىيە تەرەپكە مۇناسىپ ئىقتىسادىي تېخنىكىلىق دەلىلە- لەش ئېلىپ بېرىش ھاۋالە قىلىندى . بۇ بىر ياخشى باشلىنىش دەپ قارىلىدۇ .

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، پېتېربۇرگ لا- يىھىسىدە قۇرۇلماقچى بولغان پورت پۈتۈن رو- سىيىدىكى بارلىق پورتلارنىڭ يىللىق كىرگۈزۈش — چىقىرىش مىقدارىنىڭ يىغىندىسىغا توغرا كې- لىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ ئۇنىۋېرسال سودا پورتىدۇر . ئەسىر ھالقىيدىغان بۇ لايىھە شۈبھىسىزكى ناھايىتى زور ، بىراق روسىيىنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقاندا ، مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە روسىيە ھۆكۈمىتى بۇ تۈرنى بەلگىلەش ، بەلگىلىمەسلىكى ئېنىق ئەمەس ، چۈنكى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەمەلىي مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ئۈمىد يوق . (02)

# قازاقىستانىنىڭ ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقى

## ئۆزبېكىستان

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە رو- سىيىدىن كېيىنلا تۇرىدۇ ، ئۇ قازاقىستانىنىڭ ئىككىنچى چوڭ سودا شېرىكى . قازاقىستان دۆ- لەت ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئا- ساسلانغاندا ئۆزبېكىستانىنىڭ 1996 — يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدىكى قازاقىستان بىلەن بولغان سودا سوممىسى قازاقىستان سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %2.9 نى ( مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا سوممىسى %4.6 نى ئىگىلەيدۇ ) ، ئېكس- پورت %3.3 نى ، ئىمپورت %2.3نى ئىگىلىگەن . بۇنى 1995 — يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىغا سېلىشتۇرغاندا سودا سوممىسى %27 ئازايغان .

ئىككى دۆلەتنىڭ 1995 — يىلىنىڭ ئوخ- شاش مەزگىلىدىكى سودا سوممىسى 261 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، تەتۈر پەرق 42 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان . 1996 — يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى سودا سوممىسى 204 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، قازاقىستانىنىڭ ئېكسپورت قىلغىنى 141 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ، ئىمپورت 62 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ، ئوڭ پەرق 78 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان .

ئۆزبېكىستانىنىڭ قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلغان تاۋارلىرى تەبىئىي گاز ، مۇزلىتىلغان گاز ، ئانئورگانىك خىمىيە مەھسۇلاتلىرى ، ماشىنا

ئۈسكۈنىلەر ۋە ئېلېكترون تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى.

1995 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا ئۆزبېكىستاننىڭ ئىمپورت قىلغان ماللىرىنىڭ سوممىسى قاتتىق تۆۋەنلەپ كەتكەن (58.3%)، تىبابەتچىلىك ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان پاختا ۋە توقۇلمىغان ماتېرىياللارنىڭ ئىمپورتى 1995 - يىلىنىڭ ئون تۆتتىن بىر، پاختىنىڭ ئىمپورتى يەتتىدىن بىر، كۆكتاتلاردىن پىششىقلانغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئىمپورتى ئالتىدىن بىر، تەبىئىي گاز، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ۋە مىنېرال يېقىلغۇلارنىڭ ئىمپورتى ئۈچتىن بىر، ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىمپورتى 43.% تۆۋەنلىگەن.

ئۆزبېكىستان تاماكا ئېكسپورت قىلىشنى توختىتىپ، ئىسپىرتلىق ۋە ئىسپىرتسىز ئىچىملىك، دورا ۋە خىمىيىلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشقا باشلىدى.

قازاقىستاننىڭ ئۆزبېكىستانغا چىقارغان ماللىرى ئاشلىق، تۇز، ئۇن، ئانئورگانىك خىمىيە مەھسۇلاتلىرى، قارا مېتال ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان بۇيۇملار.

قازاقىستاندىن ئۆزبېكىستانغا قىلىنغان ئومۇمىي ئىمپورت سوممىسى 30% ئاشقان، بىراق، ئېلېكتر ماشىنىلىرى، يەر ئۈستى قاتناش قوراللىرىنىڭ ئېكسپورتى 37.5%، قارا مېتالنىڭ 15%، يەر ئۈستى قاتناش قوراللىرىنىڭ 30% تۆۋەنلىگەن.

قازاقىستاننىڭ ئۆزبېكىستانغا ئېكسپورت قىلغان ئۇن 21 ھەسسە، سۇلياۋ ۋە كاۋچۇك بۇيۇملار 1.5 ھەسسە، ئانئورگانىك خىمىيە مەھسۇلاتلىرى 1.6 ھەسسە، نېفىت مەھسۇلاتلىرى 3 ھەسسە، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى 0.6 ھەسسە كۆپەيگەن. مىس ۋە گۆش بىلەن تەمىنلەش توختىتىلغان. بىراق ئېكسپورت تاۋارلىرىدا يەنە يېڭى تاۋارلار قوشۇلغان ئۇلار ياغاچ ماتېرىياللىرى، قەغەز، گىلەم، ئۆي جاھازلىرى، سۇنئىي قىسقا تالا، دورا، ئورگانىك بىرىكمىلەردىن ئىبارەت.

قازاقىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ تىجارەت گەۋدىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا قىزغىنلىقىنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشىدىكى سەۋەب بىرى، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇلىنى ( سوم) ئۆزبېكىستاننىڭ تاشقى پېرېۋوت بازىرىدا ئەركىن ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزبېكىستان قازاقىستان بىلەن ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇلىنى ئالماشتۇرۇش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشنى خالىمايدۇ؛ يەنە بىرى، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا تۈزۈلمە مەسىلىسى. ئۆزبېكىستان 1994 - يىلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى دائىرىسىدە ئىمزالانغان ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىمنى دەلىل كەلتۈرۈپ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا تۈزۈلمىسىنى ئەركىن سودا تۈزۈلمىسى دەپ چۈشەندۈردى. قازاقىستان تەرەپ بولسا 1995 - يىلى ئىمزالانغان قازاقىستاننىڭ تەبىئىي گاز قەرزىنى قايتۇرماسلىقىدىن ئىبارەت كۈچكە ئىگە بولمىغان ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى كېلىشىمنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەڭ قولايلىق بېرىش تۈزۈمى دەپ قارىدى. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى مۇتەخەسسىلەرنىڭ قارىشىچە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى دائىرىسىدە ئىمزالانغان ئەركىن سودا كېلىشىمنى دەلىل كەلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى ھازىر ئەركىن سودا تۈزۈمىدە باشقا ئەھۋاللارغا مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي كېلىشىم كەمچىل، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئاساسىي كېلىشىملەرنى ئىمزالىغاندىن كېيىن ئالتە ئاي ئىچىدە بۇ كېلىشىمنى ئىزالىشى كېرەك ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قايسى تەرەپ ئەركىن سودىغا مۇناسىۋەتلىك چېگرا سودا كېلىشىمى ياكى ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىغا مۇناسىۋەتلىك

چېگرا سودا كېلىشىملىرىگە رىئايە قىلىشى كېرەك .

ئۆزبېكىستان 1995 - يىلىدىن باشلاپ ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىغان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بارلىق دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىغان تاۋارلاردىن تاموژنا بېجى ئالمىدى ، كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغىنى ، ئۇلار پەقەت ئىمپورت تاموژنا بېجىنى ئالمايدۇ ، ئېكسپورت بېجى بولسا ئۇنىڭ سىرتىدا .

قازاقىستان ھۆكۈمىتى بولسا 1994 - يىلىدىن ھازىرغىچە ئۆزى بىلەن ئەركىن سودا كېلىشىمى ئىمزالىمىغان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلاردىن ( ئۆزبېكىستاندىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئىمپورت تاموژنا بېجى ئالدى .

نۆۋەتتە ئىككى تەرەپ مۇتەخەسسىسلىرى ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولۇشقا تىرىشماقتا ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى يەنىلا ئازايماقتا .

## قىرغىزىستان

قىرغىزىستان قازاقىستاننىڭ سودا شېرىكلىرى ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردە بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ .

دۆلەت ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا ، 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستاننىڭ سودا سوممىسى قازاقىستان سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1.9% نى ( قازاقىستان بىلەن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسىنىڭ 3% نى ئىگىلەيدۇ ) ، ئېكسپورت 1.7% ، ئىمپورت 2.2% نى ئىگىلەپ 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىغا قارىغاندا سودا سوممىسى 92% ئاشقان .

1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى 7 مىليون 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ئولى پەرق 2 مىليون 370 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان . 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدىكى سودا سوممىسى 135 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ئېكسپورت 73 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ، ئىمپورت 6 مىليون 240 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ، سودا ئولى پەرقى 10 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان .

قىرغىزىستاننىڭ قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرى : ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ، شېكەر ، ئىچىملىك ، سېمونت ، ئېلېكتر ماشىنىلىرى ۋە ماشىنىلاردىن ئىبارەت .

1996 - يىلى قازاقىستاننىڭ قىرغىزىستاندىن ئىمپورت قىلغان ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىر ھەسسە ، ئىچىملىك 117 ھەسسە ، شېكەر 63 ھەسسە ، سېمونت 4 ھەسسە كۆپەيگەن ، پاختا بىلەن يۇڭنىڭ تەمىنلىنىشى توختىتىلغان .

قازاقىستاننىڭ قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلغان تاۋارلىرى : نېفىت مەھسۇلاتلىرى ، ئاشلىق ، ئۇن ، مىس ، قارا مېتال مەھسۇلاتلار ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئۇسكۈنىلەر .

قازاقىستاندىن قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلىنغان ئۇن تەخمىنەن 10 ھەسسە ، ئاشلىق ۋە قارا مېتال مەھسۇلاتلىرى 4 ھەسسە كۆپەيگەن ، بىراق قارا مېتالنىڭ ئېكسپورتى تۆتتىن ئۈچ تۆۋەنلىگەن .

ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسىنىڭ ئېشىشى قىرغىزىستاننىڭ بېلورۇسىيە ، قازاقىستان ۋە روسىيە ئىمزالىغان تاموژنا ئىتتىپاقىغا كىرگەنلىكىدىن بولغان . (02)

1 - جەدۋەل

## قازاقىستاننىڭ ئۆزبېكىستانغا ئېكسپورت قىلغان تاۋارلىرى

| تاۋار نامى | 1993 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يەككىز ئېيى: ئومۇمىي سوممىسى (مىليون ئامېرىكا دوللىرى) | 1993 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يەككىز ئېيى: ئىگىلىگەن پىرسەنتى (%) | 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يەككىز ئېيى: ئومۇمىي سوممىسى (مىليون ئامېرىكا دوللىرى) | 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يەككىز ئېيى: ئىگىلىگەن پىرسەنتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| مىنېرال يېقىلغۇ ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى | 1.8 | 1.6 | 6.4 | 4.5 |
| قارا مېتال | 6.1 | 5.6 | 5.3 | 3.7 |
| قارا مېتال بۇيۇملىرى | 5.6 | 5.1 | 5.1 | 3.6 |
| مىس ۋە مىس بۇيۇملار | 6.2 | 5.7 | 0 | 0 |
| ئانئورگانىك خىمىيە مەھسۇلاتلىرى | 3.5 | 3.2 | 9.1 | 6.4 |
| ئورگانىك بىرىكمىلەر | — | — | 0.5 | 0.4 |
| دورىلار | — | — | 0.1 | 0.1 |
| سۇلياۋ ۋە سۇلياۋ بۇيۇملار | 0.8 | 0.7 | 2.3 | 1.6 |
| كاۋچۇك ۋە كاۋچۇك بۇيۇملار | 2.30 | 2.1 | 5.3 | 3.7 |
| باشقا خىمىيە مەھسۇلاتلىرى | — | — | 0.7 | 0.5 |
| تاشپاختا ، سېمونت مەھسۇلاتلىرى | 0.60 | 0.5 | 0.8 | 0.6 |
| تۇز ، گۈڭگۈرت ، ھاك | 15.80 | 14.5 | 25.9 | 18.3 |
| دورا | — | 0.9 | 1.9 | 1.3 |
| ماشىنا ، ئۈسكۈنە ، قورۇلما | 6.1 | 5.6 | 5.9 | 4.2 |
| يەر ئۈستى قاتناش قوراللىرى | 9.20 | 8.4 | 7 | 4.9 |
| ئېلېكتر ماشىنىلىرى | 3.80 | 3.5 | 7.5 | 1.8 |
| ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ياغاچ بۇيۇم | — | — | 2.9 | 2.0 |
| قەغەز ۋە قەغەز شال | — | — | 0.5 | 0.4 |
| گىلەم ۋە بوتقان - كۆرپە | — | — | 0.1 | 0.1 |
| ئۆي جاھازلىرى | — | — | 0.4 | 0.3 |
| گۆش ۋە گۆش يېمەكلىرى | 0.83 | 0.8 | 0 | 0 |
| ئۇن ۋە گۈرۈچ دېنى | 0.60 | 0.5 | 13.7 | 9.7 |
| شېكەر | 0.06 | 0.1 | 1.9 | 1.3 |
| ئىچىملىك | 0.70 | 0.6 | 0.2 | 0.1 |
| كۆكتات ، مېۋە - چېۋە | 0.92 | 0.8 | 0.4 | 0.3 |
| يۇڭ | 1.50 | 1.4 | 0.3 | 0.2 |
| ئاشلىق | 35.1 | 32.2 | 35.1 | 24.8 |
| پاختا | — | — | 0.3 | 0.2 |
| خىمىيىلىك قىسقا تالا | — | — | 1.2 | 0.8 |
| باشقا مەھسۇلاتلار | 6.6 | 6.1 | 5.9 | 4.2 |
| جەمئىي | 109.1 | 100 | 141.7 | 100 |

**2 - جەدۋەل**

## قازاقىستاننىڭ ئۆزبېكىستاندىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلىرى

| تاۋار نامى | 1995 - يىللىق ئالغىنى سەككىز ئېيى | | 1996 - يىللىق ئالغىنى سەككىز ئېيى | |
|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سوممىسى (مىليون ئامېرىكا دوللىرى) | ئىگىلىگەن پىرسەنتى (%) | ئومۇمىي سوممىسى (مىليون ئامېرىكا دوللىرى) | ئىگىلىگەن پىرسەنتى (%) |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى | 12.2 | 8.0 | 4.6 | 7.3 |
| تەبىئىي گاز | 72 | 47.4 | 26 | 41.3 |
| مىنېرال يېقىلغۇ ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى | 32.6 | 21.4 | 11.1 | 17.6 |
| قارا مېتاللار | 1 | 0.7 | 1.5 | 2.4 |
| ئاكتورگانىك خىمىيە مەھسۇلاتلىرى | 2.50 | 1.6 | 2.9 | 4.6 |
| ماشىنا ، ئۈسكۈنە ، قورۇلما | 4.9 | 3.2 | 2.1 | 3.3 |
| گېنېراتور | 1.80 | 1.2 | 2.1 | 3.3 |
| تاش پاختا ، هاك ، سېمونت | 1.40 | 0.9 | 1.1 | 1.7 |
| خىمىيىلىك ئوغۇت | 1.5 | 1 | 2 | 3.2 |
| دورا | — | — | 0.6 | 1.0 |
| خىمىيە مەھسۇلاتلىرى | — | — | 0.4 | 0.6 |
| پاختا | 1.9 | 1.3 | 0.3 | 0.5 |
| پاختا تالاسى ۋە توقۇلمىغان ماتېرىياللار | 2.8 | 1.8 | 0.2 | 0.3 |
| كىيىم - كېچەك | 10.8 | 0.5 | 0.7 | 1.1 |
| مايلىق زىرائەت ئۇرۇقلىرى | 0.8 | 0.5 | 0.4 | 0.6 |
| هايۋانات ، ئۆسۈملۈك مېيى | 0.1 | 0.1 | 0.3 | 0.5 |
| كۆكتات | 0.3 | 0.2 | 0.1 | 0.2 |
| كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋە يېمەكلىكلىرى | 2.30 | 1.5 | 0.4 | 0.6 |
| ئىچىملىك | — | — | 0.4 | 0.6 |
| باشقا مەھسۇلاتلار | 13.1 | 8.6 | 5.7 | 9.1 |
| جەمئىي | 152 | 100 | 62.90 | 100 |

3 - جەدۋەل

## قازاقىستاننىڭ قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلغان تاۋارلىرى

| تاۋار نامى | 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيى | | 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيى | |
|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سوممىسى (مىليون ئامېرىكا دوللىرى) | ئىگىلىگەن پىرسەنتى (%) | ئومۇمىي سوممىسى (مىليون ئامېرىكا دوللىرى) | ئىگىلىگەن پىرسەنتى (%) |
| مىنېرال يېقىلغۇ ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى | 24.7 | 52.6 | 34.3 | 47.0 |
| قارا مېتاللار | 7.5 | 16 | 1.8 | 2.5 |
| رۇدا | 7.5 | 16 | 0.4 | 0.5 |
| قارا مېتال بۇيۇملار | 1.5 | 1.61 | 3.1 | 4.2 |
| مىس ۋە مىس بۇيۇملار | 1.3 | 2.8 | 1.7 | 2.3 |
| ئانئورگانىك خىمىيە مەھسۇلاتلىرى | 0.6 | 1.4 | 0.7 | 1.0 |
| سۇلياۋ بۇيۇملار | 0.2 | 0.4 | 0.8 | 1.1 |
| كاۋچۇك بۇيۇملار | 2.29 | 0.6 | 0.8 | 1.1 |
| تاش پاختا ، سېمونت ، گۈڭگۈرت | 1.60 | 3.4 | 3.0 | 4.0 |
| ماشىنا ، ئۈسكۈنە ، قۇرۇلما | 1.2 | 2.6 | 1.9 | 2.6 |
| يەر ئۈستى قاتناش قوراللىرى | 1.4 | 3 | 0.5 | 0.7 |
| گېنېراتور | 1.4 | 3 | 0.9 | 1.2 |
| ئۇن ۋە گۈرۈچ دېنى | 0.46 | 1.0 | 4.9 | 6.7 |
| ئاق شېكەر ۋە قەنت - گېزەك | 0.15 | 0.3 | 0.9 | 1.2 |
| بېلىق مەھسۇلاتلىرى | 0.15 | 0.3 | 0.1 | 0.1 |
| ئىچىملىك | 1.5 | 0.3 | 1.6 | 2.62 |
| يۇڭ | 0.2 | 0.4 | 0.4 | 0.5 |
| تاشلىق | 1.9 | 4 | 8.7 | 11.9 |
| باشقا مەھسۇلاتلار | 3.5 | 7.5 | 6.6 | 9.0 |
| جەمئىي | 47 | 100 | 73 | 100 |

**4 - جەدۋەل**

## قازاقىستاننىڭ قىرغىزىستانغا ئېكسپورت قىلغان تاۋارلىرى

| تاۋار نامى | 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيى: ئومۇمىي سوممىسى (مىليون ئامېرىكا دوللىرى) | 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيى: ئىگىلىگەن پىرسەنتى (%) | 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيى: ئومۇمىي سوممىسى (مىليون ئامېرىكا دوللىرى) | 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيى: ئىگىلىگەن پىرسەنتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى | 123 | 52.8 | 22.7 | 36.9 |
| مىنېرال يېقىلغۇ ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى | 0.7 | 3 | 22.7 | 36.9 |
| ئالتۇرگانىك خىمىيە مەھسۇلاتلىرى | 0.1 | 0.4 | 0.2 | 0.3 |
| ماشىنا ، ئۈسكۈنە ، قۇرۇلما | 2.3 | 9.9 | 0.9 | 1.4 |
| گېنېراتور | 2.1 | 9 | 2.0 | 3.2 |
| يەر ئۈستى قاتناش قوراللىرى | 0.86 | 3.7 | 0.9 | 1.4 |
| سۇلياۋ بۇيۇملار | 0.86 | 3.7 | 0.12 | 0.2 |
| تاش پاختا ، ھاك ، سېمونت | 0.65 | 2.8 | 3.10 | 5.0 |
| سېمونت بۇيۇملار | 0.65 | 2.8 | 0.30 | 0.5 |
| ئەينەك بۇيۇملار | 0.7 | 3 | 0.88 | 1.4 |
| پاختا | 0.1 | 0.4 | 0.88 | 1.4 |
| يۇڭ | 0.24 | 1 | 0.88 | 1.4 |
| گۆش يېمەكلىكلىرى | 0.24 | 1 | 0.04 | 0.1 |
| شېكەر ، قەنت - گېزەك | 0.14 | 0.1 | 8.96 | 14.4 |
| ئىچىملىك ، ئاچچىقسۇ | 0.14 | 0.1 | 16.5 | 26.4 |
| مايلىق زىرائەت ئۇرۇقلىرى | 0.14 | 0.1 | 0.4 | 0.7 |
| كۆكتات ، مېۋە - چېۋە | 0.1 | 0.4 | 0.14 | 0.2 |
| تاماكا | 0.2 | 0.9 | 0.19 | 0.3 |
| باشقا مەھسۇلاتلار | 2.6 | 11.0 | 5.1 | 8.1 |
| جەمئىي | 23.3 | 100 | 62.4 | 100 |

# يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىسى ئىنسانلارنى يېڭى دەۋرگە باشلايدىغان مۇقەررەر يول

گۈلسۈم ئابدۇۋايىت

«يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىسى» دېگەن بۇ ئىسىمنى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ئار، گور مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا قۇرۇلغان ئامېرىكا شىتاتلار ئارا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان.

1955 - يىلى تېننېسى شىتاتىدىن كەلگەن دېموكراتىك ئالىي پارلامېنت ئەزاسى ئار بوت. گور ئامېرىكا پارلامېنتىدا ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى ئىقتىسادىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «شىتاتلار ئارا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول قانۇنى لايىھىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ لايىھەدە فېدېراتسىيەلەر ۋە شىتاتلار ھۆكۈمەتلىرى بىرلىكتە تىرىشىپ ئامېرىكىدا دۇنيا بويىچە ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ مۇرەككەپ شىمالىي ئامېرىكىنى تېز ۋە توغرا يۆنىلىشتە تۇتاشتۇرىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول تورى قۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. شۇنىڭدىن 37 يىل كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئار. بوت. گورنىڭ ئوغلى ئار. گور 1991 - يىلى يەنە بىر دەۋر بۆلگۈچ قانۇنىي لايىھەنى يەنى كىشىلەر دېيىشىۋاتقان ئامېرىكا يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىسى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھەدە ئىنسانلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۈگۈنكى كۈندە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولۇپ كىلىنتون بىلەن ئاق سارايدا ئولتۇرغان گور بۇ قانۇنىي لايىھەنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىپ، بۇ لايىھەنىڭ كىلىنتون - گور ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ ئىش باشلىۋەتتى. 1993 - يىلى 9 - ئايدا ئاق ساراي «دۆلەتلىك ئۇچۇر ئاساسىي ئاپپاراتى، ھەرىكەت پىلانى»نى رەسمىي ئېلان قىلىپ گور باشچىلىقىدا «ئالاھىدە گۇرۇپپا» قۇرۇپ بۇ دەۋر ھالقىغان تېخنولوگىيىنىڭ خىزمەت تەرتىپلىرىنى كونكرېت تەشكىللىدى. ھازىر يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىسى قۇرۇش قەغەز ئۈستىدە سۆزلەشتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا ساھەسى ھەتتا سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر بىراقلا قىزىقىدىغان بازىرى ئىتتىك ساھەگە ئايلىنىپ قالدى. ھازىر پۈتۈن دۇنياغا ناھايىتى تېز تارقىلىپ ھەر قايسى ساھە كىشىلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئۇچراپ كۈچلۈك تەسىر قوزغىماقتا. گەرچە بىز ھازىر يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىسىنىڭ بىزگە قانداق غايەت زور ئوڭۇشلۇقلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىسەكمۇ لېكىن ھازىرقى باسقۇچتىكى ئۇنى چۈشىنىشىمىز ئاساسىدا، ئۇنىڭ دىرھال ئۈنۈم بېرىدىغان تەرەپلىرىنى شەرھىلەپ باقايلى.

دۇنياۋى يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىسىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن ھەر قايسى دۆلەتلەر دۆلەت خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ئۇچۇرلارنى ئۆز ئارا يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئالاقىلىشىش تورى قۇرۇپ بارلىق ئالاقىلىشىش تورى، كومپيۇتېر سانلىق مەلۇماتلار ئامبىرى، كومپيۇتېر تورى، تېلېگراف مۇلازىمەت قۇرۇلمىلىرى ۋە خېرىدارلارنى ئۆز ئارا ئالاقىلاشتۇرۇپ يىراق - يىراق ئارىلىقلاردىكى تارقاق، تۇراقسىز، ئۆزگىرىپ تۇرغان ئۈسكۈنە ۋە سىستېمىلارنى تۇتاشتۇرۇپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالايدۇ. بۇ ھالەت كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ ئۇلارغا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئوڭايلىقلارنى

ئېلىپ كېلىدۇ .

ئۇنداق بولسا يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر
لىنىيىسى بىزگە نېمىلەرنى قىلىپ بېرەلەيدۇ ؟
ئاددىيسى بىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنى قانداق
ئۆزگەرتەلەيدۇ ؟

سىز يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىسى
ئارقىلىق ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كونت-
روللىغۇچ ئارقىلىقلا 500 دىن ئارتۇق قانالنىڭ
ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قانالنىڭ تېلېۋىزىيە نو-
مۇرلىرىنى كۆرەلەيسىز . ئەگەر سىز خىزمەتتىن
كېچىكىپ چۈشۈپ قالسىڭىز تېلېفون ئاپپاراتى-
دىكى قوبۇللىغۇچ سىزنىڭ كۆرسەتمىڭىز بويىچە
سىزگە زۆرۈر بولغان پروگراممىلارنى ئۈنئالغۇغا
ئېلىپ قويىدۇ .

ئەگەر سىز ئىشقا بېرىشنى خالىمىسىڭىز
ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ كومپيۇتېرنى ئىچىپلا نەچچە
ئون كىلومېتر ھەتتا نەچچە يۈز كىلومېتر يىراق-
لىقتىكى ئىشخانىدىكى ئىشلارنى بېجىرەلەيسىز ۋە
ھەر خىل توختاملارنى تۈزىيەلەيسىز ھەتتا ھەر
خىل يىغىنلارغىمۇ ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ قاتنى-
شالايسىز . شۇڭا يىراق چەت رايونلاردا ياشاۋاتقان
كىشىلەر چوڭ شەھەرلەردىكى ھەر قانداق خىز-
مەتنى كومپيۇتېر ئارقىلىقلا بېجىرەلەيدۇ . يۇ-
قىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىيىنىسى پۈتۈن دۇنيا-
نىڭ ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالاقىلىشىش تورىنى
كومپيۇتېر ئارقىلىق تۇتاشتۇرغاندا سىزنىڭ
ئۆيىدە خىزمەت ئىشلىگىنىڭىز بىلەن ئىشخانىدا
خىزمەت ئىشلىگىنىڭىزنىڭ ھېچقانداق پەرقى بول-
مايدۇ . ئەگەر سىز گېزىت كۆرمەكچى بولسىڭىز
ئالدىڭىزدا ( كومپيۇتېردا ) يېزىقلا ئەمەس بەلكى
ئاۋازلىق ۋە سۈرەتلىك ماتېرىياللار دەرھال ناما-
يەن بولىدۇ . مەسىلەن ، سىزگە پۇل مۇئامىلە
توغرىسىدىكى ماتېرىياللار زۆرۈر بولسا كومپيۇ-
تېر دەرھال ئامېرىكىدىكى ئەڭ يېڭى ماتېر-
ىياللارنى تاللاپ ئۇنى « ئېلېكترونلۇق گېزىت» كە
ئايلاندۇرۇپ دەرھال سىزگە بېسىپ بېرىدۇ . يەنە
سىز تېلېۋىزور ئېكرانىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى
ھەتتا پۈتۈن دۇنيادىكى قىرائەتخانىلاردىكى ماتې-
رىياللارنى كۆرەلەيسىز .

ئەگەر سىز نەرسە - كېرەك سېتىۋال-
ماقچى بولسىڭىز تېلېۋىزور ئېكرانىدا سىزگە زۆ-
رۈر بولغان مالنىڭ تۈرى ، نومۇرى ، ئىقتىدارى ،
تېخنىكىلىق ئۆلچىمى ، باھاسى قاتارلىق خې-
رىدارلارغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر دەرھال ئايان
بولىدۇ . ئىستېمالچىلار ئېلېكترونلۇق ئۇسكۈنە
ئارقىلىق ھەر قانداق ئورۇندا تۇرۇپ ئۆزى خالى-
غان كىيىملەرنى تاللاپ سېتىپ ئالالايدۇ . ئۇ
چاغدا چوڭ - چوڭ ماگىزىنلار پەقەت ئام-
بارلارغىلا ئايلىنىپ قالىدۇ .

ساقچى ۋە رازۋېدچىكلار سانلىق مەلۇ-
ماتلارغا ئاساسەن ئەنزە يىپ ئۇچلىرىنى تاپالاي-
دۇ . بۇنىڭدا ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ تەكشۈرۈش
ھاجەتسىز . ئاپتوماتىك قاتناش باشقۇرۇش سىس-
تېمىسى كوچىلاردىكى ماشىنىلارنى باشقۇرىدۇ ۋە
راۋانلاشتۇرىدۇ ، ھەممە ۋەقە پەيدا قىلغۇچىلارنى
تونىيالايدۇ . ساقچىلار پەقەت باش شتابتا ئولتۇ-
رۇپلا كومپيۇتېر ئارقىلىق جىنايەتچىلەرنى تۇ-
تالايدۇ ۋە ئۇلارنى سوتلىيالايدۇ . ساقچى ماشى-
نىسى جىنايەتچىلەرنى كۆزىتىدىغان ۋە ئۇلارنى
تەتقىق قىلىدىغان ئورۇن بولىدۇ . ساقچىلار ما-
شىنىدا ئولتۇرۇپلا جىنايەتچى تەتقىقات مەركىزى
بىلەن خالىغان ۋاقىتتا ئالاقە قىلالايدۇ . ساق-
چىلاردا مىكرو تىپلىق قول سائەت شەكىللىك
ئالاقىلىشىش قوراللىرى بولۇپ ، بۇ قوراللار
ساقچىلار ئۆگۈشسىزلىققا ئۇچرىغان ھامان دەرھال
يېقىن ئەتراپتىكى چارلىغۇچى ماشىنىلارغا خەۋەر
بېرەلەيدۇ . يېقىن كەلگۈسىدە ئائىلىلەردە ئې-
لېكترونلۇق بىخەتەرلىكنى كۆزىتىش ئۇسكۈنى-
لىرى ئومۇملاشقۇسى .

دوختۇرلارنىڭ ( تېخنىكلار ، سېستىرالار ،
توك ئارقىلىق داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى ۋە
باشقا تېببىي خادىملارمۇ بار ) توپلىشىپ ئىشلەش
جەريانى ھازىرقىدىنمۇ بىر قەدەر زىچ ھەم كەڭ
دائىرىلىك بولىدۇ . بىر خىل كەسپتىكى دوخ-

تۇرلارنىڭ بىرگە جەم بولۇپ كېسەللىكلەرگە دىـ
ئاگنوز قويۇش كونا قائىدە بولۇپ قالدۇ ، يۇ-
قىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىسىدىكى مۇتە-
خەسسىسلەر سىستېمىسى ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى
دوختۇرلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم
بېرىپ ، ئۇلارنىڭ بىلىم ـ تېخنىكا جەھەتتىكى
بوشلۇقنى تولۇقلاپ تۇرىدۇ . تىببىي ساھەدىكى
يېڭى بۆسۈشلەر ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرى-
مايلا شەرت ـ شارائىتى ناچار ، چەت ـ ياقا
جايلارغا ئۇچۇر لىنىيىسى ئارقىلىق ۋاقتىدا يەتـ
كۈزۈلۈپ تۇرىدۇ . بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى
چەت ـ ياقا رايونلاردىكى دوختۇرلار ۋە داۋالىنـ
غۇچىلار ئۈچۈن بەخت ئېلىپ كېلىدۇ . مەسىلەن
: لوندوندىكى يۈرەك كېسەللىك مەركىزى مۇتە-
خەسسىسلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قانداق را-
يوندىكى يۈرەك كېسەللىكى ئوپېراتسىيىنى كۆزىـ
تەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا تېخنىكىلىق ياردەم بېرەلەيدۇ .
ھەتتا ھەر قانداق ئورۇندىكى تىببىي خادىملار
ھەر قانداق ئورۇندىكى تەجرىبىسى مول دوخـ
تۇرلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ خالىغان ۋاقىتتا
مۇلازىمەتكە ئېرىشەلەيدۇ . كارخانىچىلار ۋە سو-
دىگەرلەر يىراق تاغلىق رايونلاردىكى تىجارەتچىلەر
ھەتتا ئىستېمالچىلار بىلەن خالىغان ۋاقىتتا سودا
ئالاقىسى قىلالايدۇ . خالىغان ۋاقىتتا بازار ئەھۋا-
لىنى كۆزىتىپ ، سودا توختامى تۈزەلەيدۇ .

يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەر يۇقىرى سۈرئەتـ
لىك ئۇچۇر لىنىيىسىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسىم ئىقـ
تىدارلىرىدۇر . بەلكىم بىز ئۇنىڭ ئەڭ ئېھتىياجـ
لىق ، ئەڭ زۆرۈر بولغان ئىشلىتىش ئورۇنلىرىنى
تولۇق تونۇپ يېتەلمىگەن بولۇشىمىز مۇمكىن . ھەر
قانداق يېڭى شەيئى ، يېڭى تېخنىكا دۇنياغا
كەلگەن ھامان كىشىلەر ئۇنىڭ بارلىق ئىقتىدار-
لىرىنى بىراقلا تونۇپ كېتەلمەيدۇ . پەن ـ تېخـ
نىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ دەۋردە
يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىسىنىڭ يەنە
قانداق مۆجىزىلىك ئىقتىدارلىرىنىڭ بارلىقىنى
تەسەۋۋۇر قىلىش تەسكە توختايدۇ .

# قازاقىستان زۇڭتۇڭىنىڭ «قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنى قۇرۇش» توغرىسىدىكى بۇيرۇقى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى
1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېلان
قىلغان « قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە
ئىقتىسادىي رايون توغرىسىدىكى قانۇن » نىڭ
2823 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا ئاساسەن ، تۆۋەنـ
دىكىدەك بۇيرۇق قىلىمەن :

1 . 2007 ـ يىلىدىن ئاۋۋال قىزىل ئوردا
ئوبلاستىنىڭ قىزىل ئوردا شەھىرى ئالاھىدە ئىقـ
تىسادىي رايون قىلىپ قۇرۇلدى ؛

2 . قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي را-
يون نىزامى تەستىقلاندى ؛

3 . بۇ بۇيرۇق ئېلان قىلىنغان كۈندىن
ئېتىبارەن كۈچكە ئىگە .

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى
ن . نەزەربايېۋ
1996 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئالمۇتا

**قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون نىزامى**

قازاقىستان زۇڭتۇڭى 1996 ـ يىلى 1 ـ
ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېلان قىلغان « قازاقىستان
جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون توغـ
رىسىدىكى قانۇنى» نىڭ 2823 ـ نومۇرلۇق بۇيـ
رۇقىدىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن بۇ نىزام تۈزۈپ
چىقىلدى ، نىزامدا قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسا-
دىي رايونىنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشـ
تىكى قانۇن ـ تۈزۈملىرى ، ئالاھىدە ئىقتىسادىي
رايون مەمۇرىي باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ھوقۇق
دائىرىسى قاتارلىقلار بەلگىلەندى . بەلگىلەنگەن

نىزاملار ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون تەۋەلىكىدىكى رايونلاردا تىزىمغا ئالدۇرغان ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئورۇنلارغا ماس كېلىۋېرىدۇ .

## ئومۇمىي پرىنسىپ

1 . قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى قىزىل ئوردا شەھىرىدىكى مەمۇرىي رايونغا جايلاشقان ، يەر كۆلىمى 6 مىڭ 979 گېكتار . قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى قازاقىستاننىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى .

2 . قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنى قۇرۇش شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈندۇر ، ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن ئالاھىدە رايون ئىقتىسادىنى جۇمھۇرىيەتنىڭ خەلقئارا ئەمگەك تەقسىم قىلىش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈش . قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنى قۇرۇشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى : شەھەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، زامانىۋىي پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ئىگىلەش ، كارخانىلاردا ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەش ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ، سىرتقى مەبلەغنى جەلپ قىلىش ، ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كىرگۈزۈش ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ئىقتىساد سودا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ، جايلارنىڭ بار بولغان تەبىئىي بايلىقلىرىنى مۇۋاپىق ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىش ، شەھەرنىڭ تاۋار ئېكسپورت قىلىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىش ، ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارغا ئالماشتۇرىدىغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، زامانىۋىي ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى قۇرۇش ، زامانىۋىي ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

3 . قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ پائالىيەتلىرى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىنى ، قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئېلان قىلغان « قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون قانۇنى » نىڭ 2823 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى ، جۇمھۇرىيەتنىڭ باشقا قانۇنلىرىنى ۋە مەزكۇر نىزامنى شەرت قىلىدۇ .

## ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ باشقۇرۇلۇشى

4 . ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش ئورگىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش كومىتېتى بولىدۇ ، ئۇنىڭ رەئىسى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ۋەكىللەر ، ئالاھىدە رايوندا تىزىمغا ئالدۇرغان قانۇنىي ۋەكالەتچىلەر ئارىسىدىن تاللاپ سايلىنىدۇ .

5. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش كومىتېتى قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە ، ئۆزىنىڭ مال - مۈلكى بولىدۇ ، ئۆز نامىدا مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا ۋە شەخسلەرنىڭ غەيرىي مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيدۇ ، مەسئۇلىيەتچانلىقنى يۈرگۈزۈش ھوقۇقى بار ، سوتتا ئەيىپلىگۈچى ۋە ئەيىپلەنگۈچى بولالايدۇ ، ئۆز مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن ماركا بېسىش ھوقۇقى ۋە تەشۋىق قىلىش ھوقۇقى بار .

6 . مەمۇرىي باشقۇرۇش كومىتېتى قىزىل ئوردا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا خىزمەت ئېلىپ بارىدۇ . شەھەر رەھبىرى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ .

7 . باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رەئىس چاقىرىدۇ . يىغىن ھەر ئايدا بىر قېتىم ئېچىلىدۇ . باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ قارارلىرىنى ئەزالار بىلەت تاشلاپ ماقۇللايدۇ ، تاشلانغان بېلەت سانى ئەزالارنىڭ يېرىمىدىن كۆپ بولسا كۈچكە ئىگە بولىدۇ . ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندىكى بارلىق ۋەكالەتچىلەر ۋە تەبىئىي شەخس-

لەرنىڭ ھەممىسى قارارغا بويسۇنۇشى شەرت .

8 . باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەكالەتنامە بولمىسىمۇ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ . كومىتېت رەئىسىنىڭ دۆلەت ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانىلار ، شىركەتلەر ۋە ئورۇنلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بار ؛ ئۇ باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە مەبلىغىنى تەقسىم قىلىدۇ ، ھەر خىل كېلىشىملەرگە ئىمزا قويىدۇ . بۇ ئەمگەك مۇلازىمەت كېلىشىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؛ رەئىس يەنە بانكىنىڭ كىرىم ـ چىقىم ھېساباتىنى تەكشۈرىدۇ ؛ ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇپ تارقىتىدۇ . قارار چىقىرىدۇ ، بۇيرۇق ئېلان قىلىدۇ . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ .

9 . باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن قىزىل ئوردا شەھىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ئورگىنى ۋە ئىجرائىيە ئورگىنىنىڭ ۋەكىللىرى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تەڭشەپ تۇرىدۇ .

10 . باشقۇرۇش كومىتېتى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قىزىل ئوردا ئوبلاستىنىڭ قىزىل ئوردا شەھىرىدە بولىدۇ .

**ئالاھىدە رايون مەمۇرىي باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىسى**

11. باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىيىتى:

(1) ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون تەرەققىياتىنىڭ تېزىسىنى تۈزۈپ بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش ؛

(2) ئالاھىدە رايون ئىقتىسادىدىكى خام چوتنى تۈزۈپ چىقىش ، خام چوت سوممىسىنىڭ ئىشلىتىلىش يۆلىنىشىنى بەلگىلەش ؛

(3) دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغنى ھەم ئامانەت قەرزنى جەلپ قىلىش ؛

(4) ئالاھىدە رايوندىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ماسلىشىش ؛

(5) زۆرۈر بولغاندا ، قازاقىستان ھۆكۈمىتىگە ئالاھىدە رايوننىڭ قانۇن ـ پەرمانلىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەكلىپ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ؛

(6) قانۇن ـ تۈزۈمگە ئاساسەن ، ئالاھىدە رايوندا يەردىن پايدىلىنىش ، ئۆي ـ جاي ۋە ئۇسكۇنىلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش قاتارلىقلاردا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەستىقلاش ؛

(7) تېزىمغا ئالدۇرغان ۋە ئالاھىدە رايونغا كىرىپ ـ چىقىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىلغان ۋەكالەتچىلەر ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پائالىيەت شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش ؛

(8) ئالاھىدە رايوننىڭ سىرتىدا باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت ئورگىنىنى قۇرۇش قارارىنى ماقۇللاش ؛

(9) قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى يېڭىدىن بەلگىلىگەن باشقا ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلىرى بار .

**مالىيە**

12 . ئالاھىدە رايوننىڭ ئىقتىسادىي خام چوتىغا باشقۇرۇش كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ . مەسىلەن ، ئىقتىسادىي خام چوتنىڭ كىرىم قىسمى يەنى : دۆلەت بېجى ۋە يەرلىك باج ؛ ۋەكالەتچى ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرغان خىراجىتى ؛ ۋەكالەتچى ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ تېزىمغا ئالدۇرۇش خىراجىتى ۋە باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرغان پۇلى قاتارلىقلار .

ئالاھىدە رايون خام چوتى بىلەن ئوبلاست خام چوت لايىھىسىنىڭ پىرسەنت قالدۇرۇش ئۆلچىمى : 1997 ـ يىلى رايون خام چوتىدىكى پىرسەنت قالدۇرۇش ئۆلچىمى 20% ئىچىدە ، 1998 ـ يىلى 25% ئىچىدە ؛ 1999 ـ يىلى 30% ئىچىدە ؛ 2000 ـ يىلى 35% ئىچىدە تۇراقلىق بولىدۇ .

13 . باشقۇرۇش كومىتېتى قىزىل ئۇردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىيات فوندىنى قۇرىدۇ .

( 1) ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىيات فوندى ، خام چوت مەبلىغى ، پىرسەنت قالدۇرغان پۇل ، باجسىز ئېلىنغان پۇل ، ئىقتىسادىي سودا كىرىمى ، رايون پاي چېكى ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياردەم بەرگەن پۇل ، ۋەكالەتچىلەر ۋە تەبىئىي شەخسلەر ئىئانە قىلغان پۇل قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ .

( 2) ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىيات فوندى ، ئالاھىدە رايون تەرەققىيات تېزىسىدا تەلەپ قىلىنغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى ، يىغىن ، تۇرمۇشقا كېرەكلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ، كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە باشقا مۇلازىمەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

( 3) ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىيات فوندى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي بانكىسىنىڭ قىزىل ئۇردا تارماق بانكىسىغا قويۇلىدۇ .

(4) ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىيات فوندىنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى باشقۇرىدۇ ۋە تەقسىم قىلىدۇ .

## كرېدىت سىستېمىسى

14 . ئالاھىدە رايون ئىچىدىكى بانكا كرېدىت سىستېمىسى ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي بانكىسى يەرلىك تارماق بانكىسى ، تارماق بانكىسى ۋە ئىش بېجىرىش شۆبە پونكىتى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن كەسپىي ئىشلارىبىلەن شۇغۇللىنىدۇ .

## باج تاپشۇرۇش

15 . ئالاھىدە رايون ئىچىدە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باج قانۇنىغا ئاساسەن باج ئېلىنىدۇ .

16 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باج قانۇنىغا ئاساسەن ، ئالاھىدە رايوندا تىزىمغا ئالدۇرغان تىجارەتچى ۋەكالەتچىلەر ، باج تاپشۇرغاندا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ .

## تاموژنا بېجىنى تەڭشەش

17 . ئالاھىدە رايون ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ، بۇ رايوندا ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا ئەركىن تاموژنا بېجى رايونىدىكى تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ . قازاقىستان تاموژنىسىنىڭ باج يىغىش ئورگانلىرى ئالاھىدە رايوندىكى بارلىق تاۋارلارنىڭ تاموژنا بېجىنى كونترول قىلىدۇ .

18 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ، ئۈسكۈنە ، خام ماتېرىيال ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تاماملاشتىكى باشقا كېرەكلىك مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلغاندا تاموژنا بېجى ۋە باشقا باجلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ .

19 . ئالاھىدە رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار ياكى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار قازاقىستاندىن باشقا دۆلەتلەرگە توشۇلغاندا تاموژنا بېجى ئېلىنمايدۇ .

20 . ئالاھىدە رايوندىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا تاموژنىلىرىغا ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىن باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردىن تاموژنا بېجى ۋە باشقا باجلار ئېلىنىدۇ ھەمدە مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلغان ئورنىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي چارىلەر قوللىنىلىدۇ .

تاموژنا بېجى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تاۋارلىرى · CT — 1 گۇۋاھنامىسىگە ئىگە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئورنىنىڭ تاۋارلىرى ، ئالاھىدە رايوندا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار ياكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنى تاموژنا قانۇنىغا ئاساسەن ئۆلچەملىك ئىشلەپچىقىرىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تاۋارلاردىن تاموژنا بېجى ئېلىنمايدۇ .

21 . ئالاھىدە رايونغا ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن ۋە قازاقىستاندىن ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلاردىن ئېكسپورت قىلىش ئۇسۇلىغا

ئاساسەن تاموژنا بېجى ۋە باشقا باجلار ئېلىنمايدۇ ھەمدە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تاموژنا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە ئاساسەن ئىقتىسادىي چارىلەر قوللىنىلىدۇ.

22. قازاقىستاندىن باشقا دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار قازاقىستاننىڭ باشقا تاموژنىلىرىغا قايتۇرۇۋېتىلسە ياكى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئېكسپورت قىلىنمىسا تاموژنا بېجى ۋە باشقا باجلار ئېلىنىدۇ ھەم قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي بانكىسى بەلگىلىگەن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىگە ئاساسەن ئۆسۈمنى تۆلەيدۇ.

23. ئالاھىدە رايوندا تاۋارلارنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلغاندا، چوقۇم - قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ مەمۇرىي چېگرىسىدىكى ئالاھىدە تاموژنا ئېغىزىدىن ئۆتۈش كېرەك.

24. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا قانۇنىغا ۋە مەزكۇر بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تاموژنا قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

## ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت قىلغۇچىلارنىڭ تىزىمغا ئېلىنىشى

25. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندىكى ۋەكالەتچىلەرنى دۆلەت تىزىمغا ئېلىش ۋە تارماق، شۆبە مۇۋەققەت ئورگانلارنى ۋاقىتلىق تىزىمغا ئېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن بېجىرىلىدۇ.

## ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندا تىجارەت قىلىش ئىجازەتنامىسى

26. ئالاھىدە رايوندا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئىجازەتنامە بېجىرىشى كېرەك.

## چەت ئەل گراژدانلىرىنىڭ ئالاھىدە رايوندا تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر

27. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندىكى چەت ئەل گراژدانلىرى ۋە گراژدانلىق سالاھىيەت كېنىشكىسى يوقلار ھەم ئۇلارنىڭ قاتناش قوراللىرى چېگرىدىن كىرىپ - چىقىش ۋاقتىدا، چوقۇم قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ۋە خەلقئارا كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن رەسمىيەت بېجىرگەندىن كېيىن، ئالاھىدە رايوندا تۇرۇشقا ۋە چېگرىدىن كىرىپ - چىقىشقا بولىدۇ.

## ئەڭ ئاخىرقى ماددىلار

28. 2007 - يىلىدىن ئاۋۋال، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون قىزىل ئوردا شەھىرىنىڭ تەشكىلى تۈزۈمىگە قارايدۇ.

29. قىزىل ئوردا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئېلان قىلغان «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون قانۇنى» نىڭ 2823 - نومۇرلۇق بۇيرۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئىش قىلىش كېرەك.

30. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ ۋاقتى توشۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كەلسە، باشقۇرۇش كومىتېتى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭىغا خۇلاسە دوكلاتى يېزىپ تاپشۇرۇشى؛ ئەگەر ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى داۋاملىق ساقلاشقا توغرا كەلسە، ۋاقتىنى ئۇزارتىش دوكلاتىنى يېزىپ تاپشۇرۇش كېرەك.

31. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ ۋاقتى توشقاندا، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى دۆلەتلىك ئىجرائىيە باشقۇرۇش كومىتېتىغا، دۆلەت تىزىمغا ئالغان ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يازما دوكلات سۇنۇشى ھەمدە دۆلەت ۋەكالەتچىلەر ئارخىپىغا كىرگۈزۈپ، ئالاھىدە رايوننىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئېلان قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئالاھىدە رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىكى بارلىق

ئەمۋاللارنى مەركەزنىڭ يەرلىك ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىشى كېرەك. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش خىزمىتى دۆلەت ۋەكالەتچىلەر ئارخىپىغا تىزىملانغاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتى، ئالاھىدە رايوننىڭ رولى ئاخىرلاشقان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئاي ئىچىدە تاماملانسا بولىدۇ.

32. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننى مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، مەزكۇر بۇيرۇقنىڭ 31 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئەمەلدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىلسە بولىدۇ.

33. مەزكۇر بۇيرۇقتا بەلگىلەنگەن ماددىلارنى قازاقىستان زۇڭتۇڭىنىڭ ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بار. (01)

# ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ نىزامى

بۇ نىزام قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭى 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 كۈنى ئىمزا قويغان، ھازىرمۇ يەنىلا قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان 2823 - نومۇرلۇق «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون توغرىسىدىكى بۇيرۇقى» غا ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنى قۇرۇش مەقسىدىنى، ئالاھىدە رايوندا تىجارەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ قانۇنىي ئاساسىنى، ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتىنى ۋە پرىنسىپلىرىنى ئېنىق بەلگىلىگەن، ئۇ ئالاھىدە رايوندا تىزىمغا ئالدۇرغان ھەممە (ياكى) پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق مۈلۈكچىلىك شەكلىدىكى تەشكىلات ۋە ئورگانلارغا باب كېلىدۇ.

## بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ

1. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى ئاقموللا شەھىرىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تۇپرىقىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.

2. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنى قۇرۇشتىكى مەقسەد چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ۋە زامانىۋىي ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئىلغار ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېكسپورت ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئېچىپ ھەم ئىشلەپچىقىرىپ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان پەن - تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، زامانىۋىي ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرىنى ھەم ئىجتىمائىي ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنى بەرپا قىلىپ، ئاقمولا شەھىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت.

3. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئاساسىي قانۇنى»، قازاقىستان زۇڭتۇڭى 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىمزا قويغان، ھازىرمۇ يەنىلا قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان 2823 - نومۇرلۇق «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون توغرىسىدىكى بۇيرۇقى» ھەم ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ پەۋقۇلئاددە قانۇن - تۈزۈمىگە زىت بولمىغان باشقا قانۇن - نىزاملار بويىچە پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئەگەر قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تەس-

تىقلىغان خەلقئارا كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەر بىلەن ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەردە مەلۇم پەرق بولسا، ئۇ ھالدا خەلقئارا كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەردىن پايدىلىنىش كېرەك.

4. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ پەۋقۇلئاددە قانۇن - تۈزۈمى 2010 - يىلىغىچە قوللىنىلىدۇ.

5. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ قانۇن - تۈزۈمىدە ئۆزگىرىش بولسا ياكى ئالاھىدە رايون مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، جۈملىدىن ئالاھىدە رايوننىڭ چېگرىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە مەبلەغ سېلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تىجارەت گەۋدىلىرى ئۆزى مەبلەغ سالغان چاغدا بەھرىمەن بولغان بارلىق شەرت ۋە ئىمتىيازلار بويىچە، تاكى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى (2010 - يىلى) توشقانغا قەدەر داۋاملىق تىجارەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، لېكىن 10 يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بۇ قەرەل ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ قانۇن - تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ياكى ئۆزگەرگەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەر قانداق چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش شەكلى ۋە چەت ئەل مەبلىغىنى ئىشلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قانۇنىدا رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى تەۋەلىكىدە بەھرىمەن بولغان قولايلىق شەرت ۋە ئىمتىيازلار قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى تەبىئىي شەخس ۋە ۋەكالەتچىلەرنى تەمىنلىگەن قولايلىق شەرتلەردىن قېلىشمايدۇ.

## ئىككىنچى باب ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننى باشقۇرۇش

6. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندا باشقۇرۇش كومىتېتى باشقۇرۇش رولىنى ئادا قىلىدۇ، باشقۇرۇش كومىتېتى — باشقۇرۇش كومىتېتى رەئىسى ۋە جۇمھۇرىيەت ھەم دۆلەتنىڭ يەرلىك ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندا تىزىمغا ئالدۇرغان قانۇنىي ئىگە ۋەكىللىرىدىن تەشكىل قىلىنىدۇ.

7. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ باشقۇرۇش كومىتېتى مۇستەقىل قانۇنىي شەخس.

8. باشقۇرۇش كومىتېتى باشقۇرۇش كومىتېتى رەئىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاقمولا شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى بولۇشى كېرەك.

9. باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشى كېرەك:

— ئالاھىدە رايوننىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە تەشكىللەپ قۇرۇش لايىھىسىگە ئاساسەن، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئورگان ھەم ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلىرىنىڭ شتاتىنى ئېنىق بەلگىلىشى كېرەك؛

— باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئىمزا قويۇشى، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك؛

— دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ھەر خىل مۈلۈكچىلىك شەكلىدىكى قانۇنىي شەخسلەر بىلەن ئۆزئارا بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتىدە باشقۇرۇش كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك؛

— باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مال - مۈلۈك ۋە مەبلىغىنى تەقسىم قىلىشى كېرەك؛

— قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باشقا مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ ئادا قىلىشى كېرەك.

10. باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئادرېسى: قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ئاقمولا ئوبلاستى ئاقمولا شەھىرى.

## ئۈچىنچى باب باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رولى

11. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى

باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رولى تۆۋەندىكىچە :

— ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىنى تۈزۈپ چىقىش ھەم يولغا قويۇش ؛

— ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ خام چوتىنى تۈزۈپ چىقىپ ، خام چوت مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش نىشانىنى ئېنىق بەلگىلەش ؛

— ئۆز دۆلىتى ۋە چەت ئەلنى مەبلەغ سېلىشقا ھەمدە كرېدىت مەبلىغىنى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىشكە جەلب قىلىپ ، ئالاھىدە رايوننى قۇرۇش مەقسىدىگە يېتىش ؛

— ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندىكى ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىق بەلگىلەش ؛

— قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىشكە دائىر تەكلىپلەرنى بېرىش ؛

— ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون چېگرىسىنىڭ سىرتىدا باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ۋەكالەت ئورنىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىش ؛

— ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون چېگرىسى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تىجارەت گەۋدىلىرى ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ھەمكارلىشىپ تەڭشەش ؛

— يەردىن پايدىلىنىش ، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندىكى ئۆي - جاي ۋە مۇئەسسەسەلەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش ھەم ئاساسىي مۇئەسسەسە تۈرلىرىنى ئېتىبار بويىچە ئىشلىتىش مەسىلىلىرىگە قارىتا قارار چىقىرىش ؛

— ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونغا كىرىش - چىقىشنى تەستىقلاش تۈزۈمىنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرىدىغان ئورگانلارنىڭ پائالىيىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت - شارائىتنى يارىتىپ بېرىش ؛

— ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ پائالىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىدە قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەر بىلەن توختام تۈزۈش ؛

— ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ تەشكىللەپ قۇرۇش لايىھىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ھەمدە باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ خىزمەتچىلەر سانىنى ئېنىق بەلگىلەش ؛

— مەخسۇس مالىيە فوندىنى ، جۈملىدىن ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىيات فوندىنى تەسىس قىلىش ھەمدە فوندىنىڭ تەركىبىي مەنبەسىنى ئېنىق بەلگىلەش ؛

— تەبىئىي بايلىقلاردىن ھەقلىق پايدىلىنىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنغا ئاساسەن تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىش جەھەتتىكى تىجارەت پائالىيەتلىرىنى تەڭشەش چارىلىرىنى ئېنىق بەلگىلەش ؛

— قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن باشقا روللارنىمۇ جارىي قىلدۇرۇش ؛

12 . باشقۇرۇش كومىتېتى ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەر ئىجرا قىلىشى زۆرۈر بولغان قارارلارنى چىقىرالايدۇ .

13 . باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن ئاقمولا شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ۋەكالەت ئورگانلىرى ۋە ئىجرائىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرى ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ .

### تۆتىنچى باب مالىيە

14 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ خام چوتى شۇنداقلا ئاقمولا شەھىرىنىڭمۇ خام چوتى بولۇپ ، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ خام چوتىنى باشقۇرۇش كومىتېتى تۈزۈپ چىقىدۇ .

ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوننىڭ خام

چوت كىرىمى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندا تىزىمغا ئالدۇرغان قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ باج تاپشۇرغۇچى سۈپىتىدە تاپشۇرغان دۆلەت بېجى، يەرلىك باج ھەم رەسمىيەت ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇندا بەلگىلەنگەن پەۋقۇلئاددە فوندقا تاپشۇرۇلغان پۇللار خام چوتنى شەكىللەندۈرىدىغان مەنبە بولماسلىقى كېرەك.

ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ خام چوتى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك خام چوت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت بىر ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىم بولغان، ئالاھىدە رايون خام چوت كىرىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىدىن پىرسەنت ئاجرىتىش ئۆلچىمى بويىچە بەلگىلىنىدۇ. 1997 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ پۈتكۈل ئىناۋەتلىك مۇددىتى ئىچىدىكى ھەر يىللىق پىرسەنتكە ئاجرىتىش ئۆلچىمى 40% ( يۇقىرى دەرىجىلىك خام چوتقا تاپشۇرۇلىدۇ ) قىلىپ بەلگىلەندى.

15 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ مەبلەغ سېلىش فوندى ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىساد تەرەققىيات فوندى ( تۆۋەندە مەخسۇس تۈرلەر فوندى دەپ ئاتىلىدۇ ) نى قۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ مەخسۇس تۈرلەر فوندى ئەركىن خام چوت مەبلىغى، غەيرى باج خاراكتېرىدىكى ئاجرىتىلغان پىرسەنت ۋە ئېلىنغان ھەق، ئىقتىسادىي سودا كىرىمى، يەرلىك لاتارىيە كىرىمى، ئىجارىگە بېرىش كىرىمى، قانۇنىي شەخس ۋە تەبىئىي شەخسلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارىي بىلەن قىلغان ئىئانىسى ۋە ياردىمى شۇنداقلا قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى رۇخسەت قىلغان باشقا بارلىق كېلىش مەنبەلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون مەخسۇس تۈرلەر فوندىنىڭ مەبلىغى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدە ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇندا بەلگىلەنگەن چارە بويىچە ئۈزۈلۈكسىز توپلىنىدۇ ھەمدە ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى ۋە جۇمھۇرىيەت يېڭى پايتەختىنىڭ تەرەققىيات ئاساسىي مەزمۇنىدا بەلگىلەنگەن زۆرۈر بولغان تەدبىرلەر ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ. مەخسۇس تۈرلەر فوندىنىڭ مەبلىغىنى ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى تەقسىم قىلىدۇ.

## بەشىنچى باب بانكا پائالىيەتلىرى

16 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدىكى بانكا پائالىيەتلىرى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بانكا قۇنۇنىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

17 . قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بانكا ۋە تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەش توغرىسىدىكى قانۇنىغا ئاساسەن، چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدىكى بانكىلاردا قازاقستاننىڭ دۆلەت پۇلى ياكى چەت ئەل پۇلى ھېسابىنى ئېچىش ھوقۇقى بار.

## ئالتىنچى باب باج ئېلىش

18. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدا قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باج قانۇنىغا ئاساسەن باج ئېلىنىدۇ.

ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدا تىزىمغا ئالدۇرغان تىجارەت گەۋدىلىرى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن باجدا ئېتىبار بېرىش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

## يەتتىنچى باب تاموژنا بېجىنى تەڭشەش

19 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا چېگرىلىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ قازاقستاننىڭ تاموژنا قانۇنىغا ئاساسەن، ئۆز تەۋەلىكى ئىچىدە ئەركىن تاموژنا بېجى رايونى تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

20 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىغا ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا سىستېمىسىغا تەۋە بولغان ئالاھىدە رايون تاموژنا ئورۇنلىرى تاموژنا باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يۈرگۈزىدۇ.

21 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىغا تاۋار ئېلىپ كىرىشتە ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىپ چىقىشتا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا قانۇنىغا ئاساسەن ، تاموژنىغا مەلۇم قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى ھەم تاموژنا ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك .

22 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىغا چەت ئەلنىڭ ۋە قازاقىستاننىڭ تاۋارلىرىنى ئېلىپ كىرگەندە ، تاموژنا بېجى ھەم باشقا باجلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ . شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتىكى بىر قىسىم تەدبىرلەرمۇ قايتا قوللىنىلمايدۇ .

23 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىن سىرتقا تاۋار ئېكسپورت قىلغان ياكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا چېگرىلىرىغا ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ياكى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تاۋارلارنى توشۇغاندا ، تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتىكى بىر قىسىم تەدبىرلەرمۇ قايتا قوللىنىلمايدۇ .

24 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا چېگرىلىرىغا تاۋار توشۇغاندا ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەلىكىنىڭ سىرتىغا تاۋار ئېكسپورت قىلغاندا ، تاۋارلارنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسەن تاموژنا بېجى ئېلىنىدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي سىياسەت جەھەتتىكى بىر قىسىم تەدبىرلەر يەنىلا قوللىنىلىدۇ .

ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا چېگرىلىرىغا تاموژنا بېجى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئىشلەپچىقارغان تاۋارلارنى كىرگۈزگەندە ، پەقەت تاۋارنىڭ كېلىش مەنبەسى گۇۋاھنامىسى كۆرسىتىلسىلا تاموژنا بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ .

**سەككىزىنچى باب قانۇنىي شەخسلەرنى تىزىمغا ئالدۇرۇش ھەم ئۇلارنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئىجازەتنامە تۈزۈمى**

25 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدا تەسىس قىلىنغان قانۇنىي شەخسلەرنى دۆلەت تىزىمغا ئېلىش ئورنى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئورگانلىرى شۇنداقلا ۋەكالەت ئورۇنلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق تىزىمغا ئېلىشى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن چارە بويىچە يولغا قويۇلۇشى كېرەك .

26 . ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندىكى ھەر قانداق مۈلۈكچىلىك شەكلىدىكى بارلىق قانۇنىي شەخسلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك .

27 . تىجارەت گەۋدىلىرىنىڭ دۆلەتكە تىزىمغا ئالدۇرۇشى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭىنىڭ قانۇنىي شەخسلەرنى دۆلەت تىزىمغا ئېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ۋە ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ھەمدە دۆلەت تىزىمغا ئېلىش مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەمىر - پەرمانلارغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك .

28 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدىكى تىجارەت گەۋدىلىرىنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرى ئىجازەتنامە تۈزۈمى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسەن يۈرگۈزۈلىدۇ .

**توققۇزىنچى باب چەت ئەل گراژدانلىرىنىڭ ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدا تۇرۇشىغا دائىر قائىدىلەر**

29 . ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى قاتناشقان خەلقئارا كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن چەت ئەل گراژدانلىرى ۋە دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغانلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قاتناش قوراللىرىنىڭ چېگرىدىن كىرىش ، چىقىش ، ئۆتۈش ھەم تۇرۇپ قېلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر يولغا قويۇلىدۇ .

30 . چېگرىدىن كىرگەن ، چىققان ، ئۆتكەن ۋە تۇرۇپ قالغان چەت ئەل گراژدانلىرى ۋە دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغانلار ھەمدە ئۇلارنىڭ

قاتناش قوراللىرى ئۈچۈن رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىش رولىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەركەزنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرى ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىدا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ قاراشلىق ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىدۇ.

## ئونىنچى باب ئەڭ ئاخىرقى ماددىلار

31. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بۇيرۇق چىقىرىپ، بۇ نىزامدا بەلگىلەنگەن ماددىلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش هوقۇقىغا ئىگە.

32. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى بەلگىلەنگەن، ئىناۋەتلىك مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

33. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭى 1996 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىمزا قويغان، هازىرمۇ يەنىلا قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان 2823 ـ نومۇرلۇق «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون توغرىسىدىكى بۇيرۇقى»غا ئاساسەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

34. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى توشقاندا، باشقۇرۇش كومىتېتى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى هۆكۈمىتى ۋە زۇڭتۇڭىغا تىجارەت پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك دوكلاتىنى تاپشۇرۇشى كېرەك، زۆرۈر بولغاندا يەنە ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا دائىر مۇۋاپىق تەكلىپىنى تاپشۇرۇسىمۇ بولىدۇ.

35. ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەينى چاغدا باشقۇرۇش كومىتېتى ئۈچۈن دۆلەت تىزىمىغا ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەرگەن ئەدلىيە ئورگانلىرىغا يازما شەكىلدە ئالاھىدە رايونىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇقتۇرۇپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت قانۇنىي شەخسلەرنى تىزىملاش دەپتىرىگە ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ هېسابات قىلىش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى خاتىرىلىشىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەئىسى مەركەز ۋە يەرلىك مەتبۇئاتلاردا ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلانىنى ھەمدە ھەقدارلارنىڭ باشقۇرۇش كومىتېتىغا ئىلتىماس سۇنۇپ تۆلىتىۋېلىش چارىلىرى ۋە مۇددىتىگە دائىر ئۇقتۇرۇشنى چىقىرىشى كېرەك.

دۆلەت قانۇنىي شەخسلەرنى تىزىملاش دەپتىرىگە مۇناسىپ هالدا خاتىرە قالدۇرغاندىن كېيىن ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى ئاندىن پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ هېسابلىنىدۇ، ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئۇنىڭ رولى تۈگىگەن كۈندىن باشلاپ ئالتە ئاي ئىچىدە تاماملىنىشى كېرەك.

36. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭى ئاقمولا ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلسا، ئۇ هالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەرتىپى بۇ نىزامنىڭ 34 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ (03)

## مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىرلىككە كەلگەن سۇغۇرتا بازىرىنى بەرپا قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ

روسىيە سۇغۇرتا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى كرۇگلياكوۋ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بەش يىل ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن سۇغۇرتا بازىرىنى بەرپا قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن سۇغۇرتا بازىرىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، بۇ دۆلەتلەردىكى يۈك ئالار قاتناش سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆرىشتىگە ئېرىشەلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۆلەتلەر ئارىسىدا خىزمەتچى خادىملارنىڭ يۆتكىلىپ يۈرۈش ئەركىنلىكى بولىدۇ، دەپ ئېيتتى. ئەگەر دەسلەپتە پەقەت بىر نەچچە دۆلەتلا بۇ جەھەتتە كېلىشىم ھاسىل قىلالىشى مۇمكىن، بىراق تەرەققىيات نەتىجىسىدە بارلىق مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلالىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

كرۇگلياكوۋنىڭ قارىشىچە، روسىيىنىڭ سۇغۇرتا بازارلىرى «چەت ئەل سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ زەربىسى» گە ئۇچرىمىغان. ئۇ چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ روسىيىنىڭ سۇغۇرتا بازارلىرىنى كونترول قىلىۋېلىشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ، دېدى. (03)

## روسىيە كىچىك كارخانا ئىگىدارلىرىغا قارىتا بىردەك ئاددىيلاشتۇرۇلغان باج تۈزۈمىنى يولغا قويماقچى

ھۆكۈمەت كىچىك كارخانا ۋە ۋەكالەتچى سۇپىتىدە تىزىمغا ئېلىنمىغان كىچىك كارخانا ئىگىدارلىرىغا قارىتا بىردەك ئاددىيلاشتۇرۇلغان باج تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

ئىقتىساد مىنىستىرلىكى بېكىتكەن بۇ يېڭى باج تۈزۈمى كىچىك كارخانا ۋە كىچىك كارخانا ئىگىدارلىرى ئىلگىرى تاپشۇرغان بارلىق فېدېراتسىيە بېجى ۋە يەرلىك باجلارنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، لېكىن ئىستېمال بېجى، تاموژنا بېجى، غەيرىي خام چوت فوندىنىڭ ئاجراتقان پىرسەنتى ۋە ئىجازەتنامە ھەققى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس. بۇ بىرلىككە كەلگەن باج كارخانا كىرىمىنىڭ 20% ىدىن تۈزۈن بولۇپ، 13% ى يەرلىك مالىيىگە، 7% ى فېدېراتسىيە مالىيىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلغان كىرىم بولسا ھېساباتتا ئەكس ئەتتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان ۋاقىتلىق كىرىم (يايما ئېچىش، ئورۇن بېكىتىش) بولۇپ، باج ئېلىشنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ تىجارەت پائالىيىتى ئىگىلىگەن يەر مەيدانى، ئورنى، سىرتقى كۆرۈنىشى ۋە تىجارەت تۈرلىرىدىن ئىبارەت، باج مىقدارى بىر يىلدا بىر قېتىم بېكىتىلىدۇ، ئايغا بۆلۈپ تاپشۇرۇلىدۇ. (03)

## مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك بازىرىنى قۇرماقچى

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ دۆلەتتىن ھالقىغان ئىقتىسادىي كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەربابلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك بازىرىنى قۇرۇشقا ئاكتىپلىق بىلەن تەييارلىق قىلماقتا. بۇنداق قىلغاندا ئۆز دۆلىتىنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى ھەم ئۆز دۆلىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ دۆلەتتىن ھالقىغان ئىقتىسادىي كومىتېتى 1997 - يىل بىرىنچى پەسىلدە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەركىن ئوبوروت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى پىلانلىدى.

بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدە ھېچ بولمىغاندا ئۈچ دۆلەت بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك بازىرىنى قۇرۇش كېلىشىمىنى ئىمزالىشى ۋە ماقۇللىشى، ئاندىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى باشقا دۆلەتلەر ياكى سابىق ئىقتىسادىي ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىنى قاتناشتۇرۇشى كېرەك. ئەگەر مۇمكىن بولسا، يەنە ئاسىيا دۆلەتلىرىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. بۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك بازىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، تاموژنا بېجى مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سېلىپ، سودا ساھەسىنىڭ قانۇن چەكلىمىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن پۈتكۈل بازاردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار سىياسىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ قاراش قاتارلىق ھەر قايسى جەھەتلەرگە تەرەققىي قىلىشى لازىم.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك بازىرىنى قۇرۇش مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ پاراۋانلىق سەۋىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ ھەمدە بۇ دۆلەتلەرنىڭ باشقا ئىقتىسادىي ساھەلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ. (03)

## ئۆزبېكىستاندا يېڭى بىر خەلقئارا بانكا قۇرۇلدى

ئۆزبېكىستان ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ « AЪH—AMPO » مەبلەغ قوشقان بانكىسى دۆلەت ئىچىدىكى يەرلىك ئورگان بانكا ۋە تارماق بانكا تۈرلىرىگە ئىگە بىرىنچى خەلقئارا مالىيە ئورگىنىدۇر. ئۆزبېكىستان دۆلەت تاشقى ئىقتىساد بانكىسى، دۇنيا بانكىسىنىڭ خەلقئارا مالىيە شىركىتى، ياۋروپا ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە تەرەققىيات بانكىسى، پولشانىڭ « AЪH—AMPO » دۆلەت بانكىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ بانكىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر. بۇ بانكىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خەلقئارا سودا پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزبېكىستاننىڭ مالىيە بازىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پائال رول ئويناشتىن ئىبارەت.

يېڭىدىن قۇرۇلغان مەبلەغ قوشقان بانكا ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە خېرىدارلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەمەلىيىتىدە گوللاندىيىنىڭ نۇرغۇن تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلغان. بۇ بانكا پەقەت قانۇنىي شەخسلەر بىلەنلا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، شەخسلەرنىڭ ئامانەت قويۇشىنى جەلپ قىلىشنى

پىلان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بانكىنىڭ ئاساسلىق كەسپىي ھەمكارلاشقۇچى شېرىكلىرى ھەر قايسى تەرەپتىكى خەزىنەتلەردە ستراتېگىيىلىك فاگجىن بەلگىلىبەلەيدىغان قورغۇچىلارنىڭ ئۆزىدۇر.

يېقىندىن قۇرۇلغان خەلقئارا بانكىنىڭ قانۇنلۇق مەبلىغى 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، مەبلەغ قوشۇپ قورغۇچىلارنىڭ پاي ئۆلۈشى: گوللاندىيە «AЪH—AMPO» خەلقئارا بانكىسىنىڭ 50%، ئۆزبېكىستان تاشقى ئىقتىساد بانكىسىنىڭ 30%، ياۋروپا ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە تەرەققىيات بانكىسىنىڭ 10%، خەلقئارا بانكىغا قاراشلىق خەلقئارا مالىيە شىركىتىنىڭ 10%. ئۆزبېكىستانغا زىيارەتكە كەلگەن گوللاندىيە «AЪH—AMPO» دۆلەت بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقىنىڭ ھۆكۈمگە ئاساسلانغاندا، گوللاندىيىنىڭ پاي ئۆلۈشى ئىستىقبالى پارلاق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا مەبلەغ سېلىشتىن ئىبارەت. (02)

# مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ئىقتىسادىنى سىستېمىلاشتۇرۇشنى قايتا كېڭەشتى

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ بەش يىلدىن بۇيان، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى مىڭ بىر جاپا مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە مۇشكۇل شارائىتتىن ۋە ئىقتىسادىي كىرىزىستىن قۇتۇلۇپ چىققان بىرمۇ دۆلەت يوق. چەت ئەللەرنىڭ سالغان مەبلىغى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، دۆلەت ئىچى بازارلىرى ئىمپورت تاۋارلار بىلەن تولۇپ كەتكەن، ھەر قايسىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى تولۇق جارىي قىلدۇرۇلمىغان. شۇڭا ھەر قايسى دۆلەتلەر بىر قەدەر ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن، ھازىر بار بولغان مەبكەغ، بايلىق، پەن - تېخنىكا يوشۇرۇن كۈچلىرى ۋە كۆلىمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك سانائەت ۋە دېھقانچىلىقتىن ئورتاق پايدىلىنىپ، ئورتاق ئىقتىسادىي ماكان قۇرۇپ، بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدىكە يېتىش ئارقىلىق، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تونۇپ يەتتى. ئۆتكەن يىلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سودا تۈنجى قېتىم ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۈچىنچى بىر دۆلەت بىلەن بولغان سودا ئوبوروتىدىن ئېشىپ كەتتى.

لېكىن مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى سىستېمىلاشتۇرۇش ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارىسىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنپەئەت بېخەتەرلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرق مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سىستېمىلىشىشقا قاتنىشىش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. گەرچە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلۇپ بەش يىلدىن بۇيان ئىمزالانغان كېلىشىملەر كۆپىيىپ 700 ـ 800 تۈرگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلگە ئاشقىنى يوق دېيەرلىك، كۆپ قىسمى قۇرۇق پاراڭغا ئايلىنىپ قالدى. ئالدىنقى ئايدا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يىغىلىشى ئۆتكۈزگەندە، روسىيە زۇڭلىسى چېرنومىركىن بىر قەدەر ئەمەلىي ئۇسۇل «جانلىق» ھەمكارلىق مېخانىزمىنى قۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بۇ ھەمكارلىشىشقا قاتناشقان ھەر بىر دۆلەتنى سىستېمىلىشىش جەريانىدا «ئۆز مەنپەئەتىگە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق بولغان تەرەققىيات» قا ئېرىشتۈرۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. شۇڭلاشقا ئىختىيارىي، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈ-

زۇش ۋە قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولۇش ئاساسىدا مەقسەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ۋە مەنپەئەتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى زۆرۈر. پايدا - زىيان تەكشى بولمىسا، ئەلبەتتە تەڭپۇڭلاشتۇرماق قىيىن بولىدۇ. مۇستەقىللىقنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس تەرەققىياتنى ئىزلىشى، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىشى كېرەك.

بۇنىدىن باشقا، بىر قىسىم كىچىك دۆلەتلەردە ئىقتىسادنى سىستېمىلاشتۇرۇشتا تەشۋىشلىنىش، باشقىلارغا تايىنىشنى خالىماسلىق ياكى باشقىچە ئوي خىياللار مەۋجۇت بولۇپ، ئىختىلاپتىن خالىي بولماق تەس. ئۆزبېكىستان، ئەزەربەيجان، گرۇزىيە ۋە تۈركمەنىستاننىڭ ئىقتىسادنى سىستېمىلاشتۇرۇش لايىھىسىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىلا بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ. ئۇكرائىنا، بېلورۇسىيە ۋە قازاقىستان بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئىپادىسى بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە پۈتۈنلەي قوللايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. قازاقىستان ئىلگىرىلا روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىۋالماسلىقى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەكسىنچە روسىيە ئەلبەتتە بۇنىڭغا يول قويمايتتى. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، روسىيە بىلەن بېلورۇسىيىنىڭ بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شەرت شارائىتى بىر قەدەر پىشىپ يېتىلگەن بولۇپ، روسىيە بىلەن بېلورۇسىيە ئىككى تەرەپ ھۆكۈمەت تەرەپدارلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ ھەر قايسى گۇرۇھلىرىنىڭ بىرلىشىشنى قوللاش ساداسى ئىنتايىن كۈچلۈك. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلىشىشى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن.

ئالدىنقى ئايدا ئېچىلغان باشلىقلار يىغىنىدا، يىغىنغا قاتناشقان دۆلەتلەر يەنە ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئورتاق ئەمگەك - مۇلازىمەت بازىرى قۇرۇپ، يەر - تېخنىكا، مەبلەغ سېلىش ۋە ئۈچۈر بوشلۇقىنى بەرپا قىلىش ھەمدە باج ئىتتىپاقىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە بىرلىككە كەلدى. يىغىندا يەنە كاپىتالنى قوغداش ئەھدىنامىسى، كىچىك كارخانىلارنى قوللاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە ئاتوم ئېنېرگىيىسىدىن تىنچلىق بىلەن پايدىلىنىش قاتارلىق نۇرغۇن ھۆججەتلەر ئىمزالاندى. (03)

## شىنجاڭ چېگرا سودىسىنىڭ يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئېنىق بەلگىلىدى

شىنجاڭ چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا نەپ ئېلىپ، يېقىندا «چېگرا سودىسىنى چىلىق تۇتۇپ بوشاشتۇرماسلىق» نى، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا كىچىكنى، تارقاقلىقنى ۋە قالايمىقانلىقنى يوقىتىش ئارقىلىق، چوڭنى تۇتۇپ، كىچىكنى ياخشى باشقۇرۇپ، يېڭى تاۋارلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، چېگرا سودىسىنىڭ چوڭ تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شىنجاڭ سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىداش بولۇپ چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرۇشتا ياخشى يەر شارائىتىغا ۋە ئېتنوگرافىك ئەۋزەللىككە ئىگە. يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق تاشقى سودا جەريانىدا چېگرا سودىسى ئۇدا تۆت

يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى . چېگرا سودىسىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ياشىلاپ ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ ھەم مۇقىملاشتۇرۇپ ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملىدى ھەم تەرەققىي قىلدۇردى .

چېگرا سودىسى شىنجاڭ تاشقى سودا تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە يېڭى ئۆسۈش نۇقتىسىغا ئايلاندى . شۇڭا ، شىنجاڭ تاشقى سودا نازارىتى چېگرا سودىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بۇندىن كېيىنكى ئاپتونوم رايونىمىز تاشقى سودا خىزمىتى تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك نۇقتىسى قىلىپ ، ھازىردىن باشلاپ ، كىچىكنى ، تارقاقلىقنى ۋە قالايمىقانلىقنى يوقىتىشقا تۇتۇش قىلىپ ، چېگرا بويىچە چوڭ ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلارنىڭ ، شىركەتلەرنىڭ ، كارخانىلارنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورتىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ ، تىرىشىپ يۇقىرى كۆلەملەشتۈرۈش ، سۈپەتكە ۋە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ ، بازارنى ئىگىلەشنى ئېنىق بەلگىلىدى . دەسلەپكى قەدەمدە بۇ يىل روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بىر نەپەس ماللار ماگىزىنى قۇرۇشنى ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ماسلىشىپ ئىككى مەدەنىيەتلىك چېگرا ئېغىزىنى بەرپا قىلىشنى ، ئۈچتىن ئارتۇق يۇقىرى كۆلەملىك چېگرا سودا گۇرۇھ كارخانىلىرىنى قۇرۇشنى ۋە ئاكتىپلىق بىلەن شەرت - شارائىت يارىتىپ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردە تۆت تاۋارلارنى تارقىتىپ بېرىش مەركىزى تەسىس قىلىشنى بەلگىلىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا « چوڭ » نى تۇتۇش ، « كىچىك » نى باشقۇرۇش ، « يېڭى » تاۋارلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەجىر سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشنى ھەم پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكسپورتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان 10 تۈرلۈك تاۋار ۋە 10 تۈرلۈك ئېكسپورت تاۋارلىرىنى چىڭ تۇتۇش لازىملىقىنىمۇ ئېنىق بەلگىلىدى . (03)

# روسىيە جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى قاتتىق تەكشۈرمەكچى

جۇڭگودىن ئىمورت قىلىنغان يېمەكلىكلەردە ئېغىر سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلگەنلىكتىن ، روسىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قاتتىق تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى .

خەۋەرگە قارىغاندا ، 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا روسىيە ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1840 توننا سۈپىتى ناچار يېمەكلىكلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان . بۇ يېمەكلىكلەر ئاساسەن جۇڭگو ، پولشا ، ۋېنگرىيە ، فىنلاندىيە ، ئامېرىكا ، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىنغان . سۈپىتى ناچار يېمەكلىكلەرنىڭ روسىيە بازارلىرىغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن روسىيە سەھىيە نازارەت كومىتېتى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ ، ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى ھەم ئىمپورت قىلىنغان سۈپىتى ناچار يېمەكلىكلەرنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە تەكلىپ سۇندى .

ئىمپورت قىلىنغان بارلىق يېمەكلىكلەر ئىچىدە جۇڭگودىن ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ سۈپىتى ھەممىدىن ناچار بولۇپ روسىيە سەھىيە نازارەت كومىتېتى جۇڭگودىن ئىمپورت

قىلىنغان بارلىق يېمەكلىكلەرنى بولۇپمۇ ئالدى بىلەن گۆش، گۆش مەھسۇلاتلىرى، ھەر خىل كونسېرۋا ۋە قەنت - گېزەك، پېچىنە - پىرەنىكلەرنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا روسىيىگە يېمەكلىك ئېكسپورت قىلىدىغان جۇڭگونىڭ ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرىنىڭ سەھىيە ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان موسكۋا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئىمپورت قىلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ بازارلاردا ئىگىلىگەن نىسبىتى چوڭ ھەم باھاسى دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان يېمەكلىكلەرنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولدى. جۇڭگو يېمەكلىكلىرى گەرچە روسىيىدە مەلۇم دەرىجىدە بازار تاپقان بولسىمۇ، بىراق سۈپەت مەسىلىسى سەۋەبىدىن باشقا دۆلەت يېمەكلىكلىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا. (02)

# قىرغىزىستان ئۆز دۆلىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى

قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ئۈچۈن ھەقىقىي ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى. كارخانىلارنى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى چەت ئەللەرگە سېتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى جانلىق بولغان باج نىسبىتىنى تەڭشەش ئۇسۇلى ۋە ئىنتايىن پايدىلىق بولغان باج يىغىش تۈزۈمىنى يۈرگۈزمەكتە.

مۇنداق قىلىش شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، جۇمھۇرىيەت ئىچىدە داۋاملىق ھالدا ئىمپورت ئېكسپورتتىن ئېشىپ كېتىدىغان خەتەرلىك ۋەزىيەت پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى. 1996 - يىلىنىلا مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئېكسپورت 15% ئاشتى، ئىمپورت بولسا 100% ئاشتى. بولۇپمۇ يىراق دۆلەتلەردىن تاۋار ئىمپورت قىلىش شىددەت بىلەن ئېشىپ، ئېشىش دەرىجىسى 200% كە يەتتى. بۇ جەھەتتە، قىممەتلىك تاشقى پېرېۋوتنى زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، پىكاپ، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەر ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا ھازىر جىددىي كېرەكلىك بولمىغان تاۋارلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى.

زۇڭتۇڭ ئاقايېۋ بىر قېتىملىق ھۆكۈمەت يىغىنىدا، بۇ خىل تاشقى پېرېۋوت زاپىسىنى «يەپ تۈگىتىش» ھەرىكىتىنى قاتتىق چەكلەشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى، بۇ خىل ھەرىكەت دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدۇ. بىراق، قانداق توساش كېرەك؟ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاھالىلىرىمۇ سېتىۋېلىشنى ياقتۇرمايدىغان تاۋارلارنى قانداق قىلىپ خەلقئارالىق بازارلارغا ئاپىرىپ سېتىش كېرەك؟

ھۆكۈمەت بىر نەچچە تەرەققىيات ئىستىقبالى بولغان كارخانىلارنى تاللاشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى بەلكىم يوشۇرۇن رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئەڭ ئەۋزەل شارائىتنى يارىتىپ بېرىشى مۇمكىن، بۇ بۇندىن كېيىن ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئاشقان قىسمىدىن پايدا بېجى ئالماسلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى بىر خىل ئالاھىدە فوند قۇرۇشنى پىلانلىدى. يەنە بىر بانكا قۇرۇپ، ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن.

ھۆكۈمەت يەنە ئۆز دۆلىتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا سېتىشتا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ئۇسۇللىرىنى بېكىتىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. ھازىر، يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ

قىرغىزىستان كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى ئۈچۈن ماگىزىن، بازار ۋە ئامبارلارنى بولۇپ بېرىش ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا ياردەملەرنى قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. تاۋارلاردىن 20% باج ئالغاندا، ئىمپورت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ باھاسى مۇقەررەر ھالدا يۇقىرى كۆتۈرىلىدۇ.

ئورغۇنلىغان ئېكسپورت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، پەقەت مەمۇرىي ئۇسۇل بىلەنلا تاۋارلارنىڭ ئوبوروت مىقدارىنى تەڭشەش كۆزلىگەن نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلەلىشى ناتايىن. ئەگەر دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى يەنىلا ئىسكىلاتلاردا بېسىلىپ قالغان، قىلچىمۇ رىقابەت كۈچى بولمىغان ناچار مەھسۇلاتلارنى ساتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى يەنىلا شۇنداق بولىدۇ.

# ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ مال ئۆتكۈزۈش مىقدارى 2 مىليون توننىنى بۆسۈپ ئۆتتى

قۇرۇلغىلى ئەمدىلا ئالتە يىل بولغان ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ 1996 - يىلى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلغان مال مىقدارى 2 مىليون توننىلىق ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، قۇرۇلغىلى 100 يىل بولغان مانجۇلى ئېغىزىدىن قالسا 2 - ئورۇننى، مەملىكەت بويىچە بەش چوڭ تۆمۈر يول ئېغىزى ۋوگزالى ئىچىدە 2 - ئورۇننى ئىگىلىدى.

بۇ يىلدىن بۇيان، ئالاتاۋ ئېغىزىنىڭ مال ئۆتكۈزۈش مىقدارى شىددەت بىلەن ئاشماقتا. شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يول شىركىتى ئالدى بىلەن ئالاتاۋ ئېغىزى پويىز ئىستانسىسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، يېڭىدىن بىر پاراۋوز ماڭىدىغان يول، بىر سۆرەپ چىقىرىش يولى ھەمدە ئىككى كەڭ رېلىس، تۆت ئۆلچەملىك رېلىس بولۇپ جەمئىي 14 كىلومېتىر يولنى كۆپەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالماشتۇرۇپ قۇراشتۇرۇش رايونىنى كۆپەيتتى. ئالماشتۇرۇپ قۇراشتۇرۇش ئىقتىدارى ئۆتكەن يىلدىكى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 ماشىنىدىن ھازىر 150 ماشىنىغا يەتتى.

شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يول شىركىتى يەنە بورتالا، جىڭ ناھىيىسى قاتارلىق يېقىن قوشنا ۋوگزاللاردىن پايدىلىنىپ، بوش ماشىنىلارنى توپلاپ، يۈكى بار ماشىنىلارنى تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن چېگرا ئېغىزى ۋوگزالىنىڭ بېسىمىنى يېنىكلەتتى. ئۇلار يەنە «چەت ئەل ماشىنىلىرىنىڭ توختاش ۋاقتىنى قىسقارتىشتىكى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئۇسۇلى»نى بېكىتىپ، چەت ئەل ماشىنىلىرىنىڭ توختاش ۋاقتىنى ئازايتىپ، مال ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى چېگرا ئېغىزىنىڭ ترانسپورتىنى زور كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈردى. بوش ماشىنىلارنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىمۇ ئالاتاۋ ئېغىزىغا كېلىپ «بىر ئۆتكەلدە تۆت تەكشۈرۈش» مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

## روسىيە گۆش مەھسۇلاتلىرىنى كونترول قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ

تاشقى سودىدا ، روسىيە قازاقىستاندىن گۆش مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشتا ئالاھىدە كونترول قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ . بۇ تۈزۈم يېڭى يىلدىن باشلاپ چېليابىنسكى شەھىرىدە ئىجرا قىلىنىدۇ .

ئىمپورت قىلىنغان گۆش تۈرلىرىنى مال دوختۇرلۇق سەھىيە تەكشۈرۈشىدىن كېيىن سېتىشقا بولىدۇ . ھازىر روسىيىنىڭ ھەر قايسى كىچىك بازارلىرىدا ۋە باشقا سودا بازارلىرىدا قازاقىستاننىڭ گۆش ۋە گۆش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش مەنئىي قىلىنىدى .

چۈنكى قوستاناي ئوبلاستىنىڭ مەلۇم بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدىن سىبىرىيىگە ئېلىپ بارغان ئۆي ھايۋانلىرىدا كۆيدۈرگە كېسىلى بولۇش ھادىسىسى روسىيىنىڭ يۇقىرىقىدەك قاتتىق چارىلەرنى قوللىنىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى . (01)

## جۇڭگو ، قازاقىستان ، قىرغىزىستان ، پاكىستان قاتارلىق تۆت دۆلەتنىڭ چېگرا ھالقىيدىغان ترانسپورت ئاپتوموبىل ئەترىتى سىناق قاتنىشىنى باشلىدى

1995 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ، « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ، پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا ھالقىيدىغان ترانسپورت كېلىشىمى » پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلامئابادتا رەسمىي ئىمزالاندى . 1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن باشلاپ ، ھەر قايسى تەرەپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاپتوموبىل سانى 20 دىن ئاشمىغان ئاپتوموبىل ئەترىتىنى تەشكىللەپ چېگرا ھالقىيدىغان ترانسپورتنىڭ سىناق قاتنىشىنى باشلىدى .

1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو ، قازاقىستان ، قىرغىزىستان ، پاكىستان قاتارلىق تۆت دۆلەت قاتناش تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى جۇڭگو ئۈرۈمچىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئىمزا قويغان « كېلىشىم » دىكى يولغا قويۇلىدىغان قائىدىلەردە بەلگىلەنگەن چېگرا ھالقىيدىغان ترانسپورت لىنىيىسى : كاراچى پورتى ( پاكىستان ) — پېشاۋەر ياكى ئىسلامئابات — گازىنابۇر — جىرجىت — سۇست ( پاكىستان ) — قونجىراپ ( جۇڭگو ) — قەشقەر — تورغات ( جۇڭگو ) — تۇرۇگورت ( قىرغىزىستان ) — بىشكېك — ئاقجار ( قىرغىزىستان ) — كۆلتاي ( قازاقىستان ) — ئالمۇتا — قورغاس ( قازاقىستان ) — قورغاس ( جۇڭگو ) دىن ئىبارەت بولۇپ ، قارشى يۆنىلىش لىنىيىسمۇ ئوخشاش . يۇقىرىدىكى چېگرىدىن ھالقىيدىغان ترانسپورت لىنىيىسىدە شەرتنامە تۈزگۈچى ئىككى تەرەپ پۈتۈن لىنىيىلىك ترانسپورتنى يۈرگۈزسىمۇ ، ئۇچاستكا ترانسپورتنى يۈرگۈزسىمۇ بولىدۇ . (03)

ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى (قوش ئايلىق ژۇرنال)

1997 - يىللىق 3 - سان (ئومۇمىي 74 - سان)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى

نەشر قىلغۇچى: ش ئا ر پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى

تۈزگۈچى: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى

ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1133/N

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 132 - 58 پوچتا نومۇرى: 830011

تېلېفون نومۇرى: 3837994 (0991) باھاسى: 3 يۈەن

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر